# شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى

## ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2

1984

**شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى**
(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى

(پەسىللىك ژۇرنال)

1984 ـ يىل 2 ـ سان
(ئومۇمىي سان 18)

---

# مۇندەرىجە

«ئەلقانۇن فىت ـ تىبب» ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى
............ ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن (1)
ئادەم مىڭىسىنىڭ ئادەم مىڭىسى ئۈستىدىكى ئىزلىنىشى............ جۇ يىچىڭ (18)
كولىيا تەرجىمىسى
«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق مەسىلىلىرى ............ (26)
............ ھېمىت مەخسۇت
«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىكى ئېتوگرافىيىگە ئائىت مەسىلە ............ (44)
............ ئابدۇكېرىم راخمان
شېئىر كىتاۋى ............ ئەبۇ نەسىر فارابى (58)
ئوتتۇرا ئاسىيا شۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئاكتىپ قاناتيايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى
توغرىسىدا ............ ما يۇڭ (74)
ز. سادىق تەرجىمىسى
داگوگۋاگروۋي ئېكسپېدىتسىيىسى ۋە تۇرپان، دوڭخۇاڭ مەدەنىيىتى........ (83)
............ مامەنلىي
قاسىم ئارىش تەرجىمىسى
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسىدىكى شەكىللەر توغرىسىدا ...... (101)
............ ئەخمەتجان ئەسقەرى
ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز ـ
ئاتالغۇلارنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا ............ جۇمە ئابدۇللا (122)
ياشانغانلاردىكى خاتىرە ساقلاش ۋە ئۇنتۇش ھەققىدە ............ ھابىل مەخسۇت (128)
«كوكاچبار»دەپ قورقۇتماسلىق، بەلكى ئەقىلغا ئىلھام بېرىش لازىم... رۇسۇل ئۆمەر (133)
مەھمۇت قەشقىرى مازىرى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى...... ھەسەن ئابدۇرېھىم (137)
ھىجرىيە كالېندارى بىلەن مىلادىيە كالېندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى..... (141)
............ يۈسۈپ ئۇربىلى

# «ئەلقانۇن فىت تىبب» ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

«ئەلقانۇن فىت تىبب» (تىبابەتچىلىك قانۇنلىرى) ناملىق بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئەسىر تىبابەتشۇناسلىقىنىڭ نوپۇزلۇق قامۇسى بولۇپ، ئۇ يالغۇز مېدىتسىنا ئىلمىي تارىخىدا كۆرۈنەرلىك نامايەندە بولۇپ قالماستىن، يەنە پەلسەپە بىلىش تارىخىدا بىر مۇجەسسەم ئەسەر ھېسابلانغان.

قەدىمقى زامان مۇتەپەككۇرى ئارىستوتىل ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يىرىك ئالىمى فارابىدىن كېيىن، «ئۇچىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان تەبىئەتشۇناس مۇتەپەككۇر ئەبۇ ئەلى ھۈسەيىن ئىبنى ئابدۇللا ئىبن سىنا (980 — 1037) ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە قەدىمدىن ئۆزىگىچە بولغان زامانىدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى ئۇتۇقلىرىنى تىبابەتچىلىك ساھەسىگە تەتبىقلاپ مول مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغان.

مەلۇمكى، «ئەلقانۇن فىت تىبب» ئۆلچەملىك بەش تومدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ مىلادىيە 1019 — 1020 — يىللىرى ھەمەداندا تاماملانغان. بۇ ئەسەر 12 — ئەسىرگىچە قولىيازما شەكلىدە كەڭ كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان، 12 — ئەسىردە كرېمانىلىق گېرارد (1114 — 1187) تەرىپىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1279 — يىلى ناتان مېئاتى بۇ ئەسەرنىڭ ئىبرانى (يەھۇدى) تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلەپ چىققان. 1493 — يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئەسەرنىڭ تۇنجى تاش باسمىسى دۇنياغا كەلگەن. شۇنىدىن باشلاپ، تاكى 1593 — يىلىغىچە بولغان بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئەسەر ھەر خىل تىللاردا 36 قېتىم نەشر قىلىنغان. «ئەلقانۇن فىت تىبب» 18 — ئەسىردە تۈركىيىدە، 19 — ئەسىردە مىسىردا، 1889 — يىلى تېھراندا، 1905 — يىلى ھىندىستاندا، 1930 — يىلى لوندوندا ۋە ئوردۇ تىلىدا دېھلىدا، 1966 — يىلى كاراچىدا، 1954 — 1961 — يىللىرى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان.

## 1

ئىبن سىنانىڭ ئاتاقلىق ناتۇرال پانتېيىست ۋە شۇ ئاساستا مەشھۇر تىبابەتشۇناس بولۇپ يېتىلىشى تەسادىپ ئەھۋال ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىبن سىنا ئۆز دەۋرىنىڭ

ئەڭ ئىلغار پەلسەپىۋى سىستېمىسى بولغان ناتۇرال پانتېئىزىملىق (Panteigm) كۆز قاراش ئاساسىدىلا «ئەلقانۇن» (تىبابەتچىلىك قانۇنلىرى)دەك نادىر ئەسەرنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ئىبىن سىنانىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھۆل قويغان ئەڭ مۇھىم مەنبەلەر ئەگەر ئىككى تەرەپلىمە دېيىلسە، ئۇنىڭ بىرى شەرق ۋە غەرپ تىبابەتچىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇغلانمىسى، يەنە بىرى ئىبىن سىنا دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناتۇرال پانتېئىزىملىق سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى، ئاتاقلىق ئالىم ئەبۇنەسىر فارابى كۆز قاراشلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەسىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

مەلۇمكى، كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى قەدىمقى مەدەنىيەتنىڭ بىر ئوچىغى بولغان. بۇ رايوندا ياشىغان ئەڭ قەدىمقى قەبىلىلەرنىڭ، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كېسەللىكلىك، دورا - گىياچىلىق ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئېپتىدائىي ئەم - ئىرىم تەجرىبىلىرىمۇ ئىنتايىن مول ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا يەتتە سۇرايونىدىكى قەدىمقى «قۇلئاب قەلئەسى» قەۋرىگاھلىقىدىن تېپىلغان، مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىرگە ئائىت ئىدىشتا سىزىلغان سۇنۇق تېڭىۋاتقان، چىش تارتىۋاتقان سۈرەتلەر بىلەن بىللە «قاراسوق»خارابىسىدىن تېپىلغان مۇمىيا (سالاجىت) قىلىش نەمۇنىلىرى، كىراسنوۋىيارسكىدىكى كونا قەۋرىلەردىن تېپىلغان، بەدەنگە زەھەرلىك يىلان - چايانىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىزىل سېغىز سۈركىۋېلىش قاتارلىقلار ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيادا تىبابەتچىلىك پائالىيىتىنىڭ تولىمۇ قەدىمقىلىقىنى كۆرسەتتى. مايلىنىش؛ يۈزىگە قېتىق چېپىش؛ گىيا سۈيىدە ۋاننا قىلىش؛ قاقلىنىش؛ كۆيدۈرۈش؛ قان چېكىش، ئىلمە (نوخۇلا) قىرقىش؛ قۇمغا ۋە ئارشاڭغا چۆشۈش؛ ھاپۋان قېنى ئېقىزىش؛ تېرىگە ئېلىش؛ ئۆتكە تېڭىش؛ ئۇچۇغداش؛ قۇستۇرۇش؛ ئىشقىلاش؛ ھوداش؛ تېڭىقچىلىق؛ ئاددىي ئوپېراتسىيە قىلىش؛ پىرى ئوينىتىپ جىسمانىي ۋە روھىي ھەركەتچانلىقنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئەم (شىفاگەرلىك) ئۇسۇللىرى بىلەن ھامى ئىلاھلارغا يېلىنىش؛ جىن - ئالۋاستىلارغا خەنجەر (ئەكىنەك)، باخشى دېپى، نەيزە، ئۇچلۇق ھاسا، چاچراتقۇ ئوت، بۇس، قوغلىغۇچى چوماق قاتارلىق قوراللار بىلەن قارشى چىقىش؛ ئەپسۇن ئوقۇش؛ تۇمار پۈتۈش قاتارلىق ئىرىم (روھىي شىفاگەرلىك ئۇسۇللىرى) ئېپتىدائىي — ئانىمىزىملىق تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرى سۈپىتىدە كېيىنكى تىبابەتچىلىك ئۈچۈن مۇئەييەن شەرت ياراتتى.

مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئانۇم (ماخاۋ)، چەكەك (چېچەك)، كەزىك (كىزىك)، ئەنۈچ (كۆزنىڭ پەردىلىنىشى)، ئاتغاق (ئاشقازان ياللۇغى)، تالاغۇ (دېزىنتېرىيە)، تۇماغۇ (زۇكام)، بالىخ (جاراھەتلىنىش)، سەگىل (داغ چۈشۈش) قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ئىسمىنى ئاددىي لۇغەت قاتارىدىلا

تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە: ئالۇچىن، ئۇراغۇن، ئىگىز، ئاقدۇز (راسان گىيا)، كەكرە، تالقا (غورا ئۈزۈم)، بىبىلى (پىلپىل)، شوغلۇ (ئىت ئۈزۈمى)، سارىغ تورما (سەۋزە)، چىندان (سەندەل)، مەندار (ھەشقىپىچەك)، بىتىرىك (پىستە)، باتمۇل (ئۈزۈنچاق مۈچ)، كۆكنار ياپرىغى، ئىبرۇك (قېتىقتا ئىشلەنگەن سۈرگە)، ئەترۇم (سۈرگە)، بۇخسۇم (بوزا)، سۈزۈندە سۇ (پىلتىرلانغان ئاكۋا) قاتارلىق دورا ۋە دورا ماتىرىياللىرىنىڭ نامىنى ئاتىغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى قارا دېڭىز بويىغا كۆچكەن سىكىفلار ئارقىلىق پېرىكىل (pericl) خانلىقى زامانىدا گرېتسىيە تىبابەتچىلىكىگە تەسىر قىلدى. ئاتاغلىق گرېك تارىخچىسى ھېرىدوتوسنىڭ كۆرسىتىشىچە، سىكىفلار قارا دېڭىز ساھىلىدىكى جىملىيا قەبىلىلىرىنى غەرپكە سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ماكانىغا جايلاشقان. سوۋېت مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «مېدىتسىنا تارىخى» 1 - تومىدا ئاتاقلىق گرېك تىبابەتشۇناسى ھىپپوكرات — بەقرات (مىلادىدىن ئىلگىرىكى460 - 377 - يىللار) دادىسى بىلەن قارا دېڭىز ساھىلىدىكى سىكىفلار ئارىسىدا ياشىغان ۋە ئۇلارنىڭ تىبابەتچىلىك كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، دېيىلگەن ①. گرېتسىيىدە سىكىف تىبابەتچىلىرى ۋە ئىرىمچىلىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.②

يۇقۇرىدىكىلەر ئىبن سىنانى يېتىشتۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تىبابەتچىلىك ئەنئەنىۋى تارىخىنىڭ ئامىللىرىدۇر.

ئىبن سىنا ئائىلىسىنىڭ — دادىسى ئابدۇللا بىلەن ئانىسى سىتارانىڭ سىياسى جەھەتتىن ھۆكۈمران «كالام» ئېقىمىغا زىت دېموكراتىك خاھىشتىكى ئىسمائىلىزم تەرەپدارى بولغانلىقى؛ تەبىئىي كۆز قاراش جەھەتتىن، باكتىرىيە دەۋرىدىكى گرېك پەلسەپىسىگە ۋارىسلىق قىلغان مەرۋى تەبىئەت ئىلمىي مەكتىۋىگە مايىللىقى، ئىبن سىنانىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە تىرىشچانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ ئابدۇللا ناتىلى ۋە ئۆز مۇھىتىنىڭ ئىجابى تەسىرى ئىبن سىنانىڭ تۇنجى قەدىمىنى بەلگىلەشتە غايەت زور رول ئوينىدى.

سامانى شاھى نۇھ ئىبن مەنسۇرنى داۋالىغان ئىبن سىنا ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۈپەيلى، نۇھ ئىبن مەنسۇرنىڭ كۆپ خانىلىق كىتاپخانىسىغا ئەركىن كىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇ بولغۇسى مەشھۇر ئالىمنىڭ ھەقىقى ئالى مەكتىۋى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇندىن كېيىن ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ۋە دۇنيا قارىشىنى ھەقىقى ئىلمىي ئاساسقا قۇرۇشقا كىرىشتى.

---

① ب. د. پېترو مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «مېدىتسىنا تارىخى» 1 - توم، خەنزۇچە 1957 - يىل نەشرى، 57 - بەتكە قارالسۇن.

② م.ئا. ژوكوۋ مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «دۇنيا ئومۇم تارىخى» 2 - توم، 2 - كىتاپ، خەنزۇچە 96 - ۋە 197 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ساماني شاھى نۇھ ئىبن مەنسۇرنىڭ كىتابخانىسىدا گىرېك تىبابەتچىلىرىدىن ھىپپوكرات (بەقرات)، گالىن (جالىنوس Galen)، دىئوسكورىس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئېۋكلىد (ئىقلىدۇس)، پتولومېي پورفىرى (ئىساغۇچى)، ئارىستوتىل كىتابلىرى، ئىران ـ ئەرەپ تىبابەتشۇناسلىرىنىڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلىرى ساقلانغان ئىدى.

تىبابەتچىلىك ئىسلام خەلىپىلىرى تەرىپىدىن يول قويۇلغان بىردىن ـ بىر قانۇنىي تەبىئەت ئىلمى ئىدى. ئۇ چاغدا تەڭرى ھەققىدىكى ئىلىم بولغان «كالام» ئىلاھىيەتچىلىكگە ۋە ئىنسان ۋۇجۇدى ھەققىدىكى ئىلىم بولغان تىبابەتچىلىككىلا يول بېرىلگەن. تىبابەتچىلىك مۇسۇلمان خەلىپىلىكلىرى دەۋرىدە بارلىق پەلسەپىۋى ۋە تەبىئەت ئىلمىي كۆز قاراشلىرىغا ھامىلىق قىلىدىغان تولىمۇ كەڭ ساھەگە ئايلاندى. ھەرقانداق تەبىئەت ئالىمى ياكى پەيلاسوپ تىبابەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى، «ھۆكۈما» بولۇشى شەرت ئىدى.

تىبابەتچىلىك ئۇماۋىيە (دەمەشق) ۋە ئابباسىيە (باغدات) خەلىپىلىكى دەۋرىدە تېز راۋاجلاندى. خارىس ئىبن كەلىدا (634 ـ يىلى ئۆلگەن) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تۇنجى ئەرەپ تىبابەتچىلىرى بولدى. ئاببasسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 2 ـ خەلىپىسى، باغدات شەھىرىنى بىنا قىلدۇرغۇچىسى مەنسۇر ئىبن مۇھەممەت (754 ـ 775) نى داۋالىغان جورجىس ئىبن بەختىي، ناسارا دىنىدىكى ئاتاغلىق دوختۇر ئىدى. 776 ـ يىلى جاپپار ئىبن ھەييام تۇنجى ئەرەپ دورىگەرلىك دەستۇرىنى ئىشلەپ چىققان. 9 ـ ئەسىردە ھەررانلىق سابىت ئىبن كۇلا ئومۇمى سەھىيە ھەققىدە ئەسەر يېزىپ، تېرە ۋە بەدەن كېسەللىكلىرىنىڭ ۋەج، ھالەت ھەم داۋالاش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلدى. ئىبن مەسەۋى مايمۇن ئۈستىدە ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى «ئەل ئەسەر ماقالا تۇخىل ئەين» (كۆز كېسەللىكلىرى ھەققىدىكى ماقالىلار) نى ئېلان قىلدى.

ئىبن سىنا مەشھۇر ئىران تارىخچىسى ئوبۇل ھەسەن ئىبن زەيىندىن تەبۇرىنىڭ (923 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «فىردەۋسۇل ھىكمەت» (ئەقىل ـ پاراسەت بېغى) ناملىق كىتاۋى ئارقىلىق (ساراكا ۋە سۇرۇكا قاتارلىق ھىندى ھۆكۈما تىۋىپلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن، سامانىلىق ئىبن ناخسىنىڭ 970 ـ يىلى يازغان «كىتابۇل ئابنىياتەن ھەقايىقۇل ئەدۋىيات» (دورىلارنىڭ ھەقىقى خاراكتېرىستىكىلىق ئاساسلىرى) ناملىق كىتاۋى ئارقىلىق جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن تونۇشتى①.

ئاتاقلىق ئىران تەبىبى، خىمىك ۋە مۇتەپەككۇر ئەبۇبەكرى مۇھەممەت ئىبن زاكارىيە ئەررازى (850 ـ 923) نۇھ ئىبن ئىسھاق زامانىدا سەرگەردانلىق بىلەن ساماني سۇلالىسى پايتەختى بۇخاراغا كېلىپ قالغان ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى

① يۇسۇپ نېبېدىمان: «جۇڭگو پەن-تېخنىكا تارىخى» خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

نى خانلىق كىتاپخانىسىغا تەقدىم قىلغان ئىدى. ئەررازىنىڭ «كىتابۇل ئەسرار»، «كىتابۇل تىب ئەل مەنسۇرى»، «ئەل يۇدارى ۋەل ھەسپى»، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ تىببى كىتاپلار توپلىمى بولغان «ئەل ھەۋى» ناملىق ئەسىرى ئىبن سىنادا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇ يەنە ئەررازى بىلەن زاماندىش مەشھۇر تىبابەت ئالىمى ئەلى ئىبن ئابباس مەجۇسىنىڭ (944 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «كامىلۇل سىنائەل تىببىيە» (تىبابەتچىلىك توغرىسىدىكى كامىل دەستۇر) ناملىق كىتاپىنى خەۋەردار بولدى. بۇ كىتاپتا تاماق بىلەن داۋالاش، كافىللار تومۇرلىرى ۋە تۇغۇت قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ سۆزلەنگەن ئىدى.

ئىبن سىنا تىبابەتچىلىك كۆز قاراشلىرىغا ئۇنىڭ «بەيتۇل ھۆكما» ناملىق خانلىق كىتاپخانىسىنىڭ ئاخىرقى تەسىرىنى كۆرسىتىپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئىراندا داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ باردى، تەجرىبە ئېلىپ باردى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىبن سىنا «ئەلمەجمۇئى»، ھاسىل ۋە «مەھسۇل»، «كىتابۇل بىررۇۋەل ئىسىم» قاتارلىق تۇنجى ئەسەرلىرىنى 20 ياشقا كىرمىگەن چېغىدىلا يېزىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىلمىي ئىزلىنىش يولىدىكى بىرىنچى قەدىمى ئىدى.

ئىبن سىنانىڭ ئاتاقلىق ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ھۇل قويغان ئىككىنچى مەنبە فارابى پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئىبن سىنا دۇنيا قارىشى ۋە ئىلمىي قاراشلىرىدىكى مۇتلەق تەسىرىدىن ئىبارەت بولدى.

ئىبن سىنا فارابىنى ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا» ناملىق ئەسىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا تونۇغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ئىبن سىنا «مېتافىزىكا» كىتاۋىنى 40 قېتىم ئوقۇغان، ھەتتا ئۇنىڭدىكى جۈملىلەر ياد بولۇپ كەتكەن بولىسىمۇ، بۇ كىتاپنىڭ ھەقىقى مەزمۇنىنى چۈشىنەلمىگەن ئىدى. ئىبن سىنا كۈنلەرنىڭ بىرىدە بازاردىن فارابىنىڭ ئارىستوتېل «مېتافىزىكا»سىغا يازغان شەرھى كىتاۋىنى سېتىۋېلىپ، فارابى ياردىمىدىلا ئارىستوتېل كۆز قاراشلىرىنى چۈشەنگەن. ئىبن سىنا ئۆز خۇشاللىقى ئۈچۈن سەدىقىلەر بەرگەن. سامانى شاھى نۇھ ئىبن ناسىر (943 ـ 954) زامانىدا ئۆز ۋەتىنىگە كېلىپ كەتكەن فارابىنىڭ بىر قاتار پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى بىلەن ئىبن سىنا كېيىنچە يېقىندىن تونۇشتى. فارابىنىڭ سامانى شاھى ناسىر تەكلىۋى بىلەن يازغان ئەسىرىگە «ئىككىنچى تەلىمات» دەپ نام قويۇلغان ئىدى. بۇ ئەسەر فارابىنىڭ باشقا بەزى ئەسەرلىرى بىلەن نۇھ ئىبن ناسىردىن ئابدۇلمۇلۇك ئىبن نۇھ (954 ـ 961)، مەنسۇر ئىبن نۇھ (961 ـ 976)، نۇھ II (976 ـ 997) ئارقىلىق نۇھ ئىبن مەنسۇر دەۋرىدىكى خانلىق كىتاپخانىسىدا ساقلانغان.

① ئاكادېمىك غۇپۇروۋ ۋە قاسىمجانوۋ: «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى» رۇسچە نەشرى، 119 ـ بەت. م. م. خەيرۇللايوۋ: «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى»، رۇسچە نەشرى، 147 ـ بەت.

② فىلىپ گىتتى: «ئەرەپ ئومۇم تارىخى»، 1979 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 436 ـ بەت.

ئىبن سىنا فارابى تەلىماتلىرىنىڭ ۋارىسى ئىدى. 13 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەرەپ
تارىخچىسى، ئالىملار تەرجىمە ھاللىرى بويىچە نوپۇزلۇق مۇئەللىپ ئىبنى خەللىكان
ئۆزىنىڭ «ۋەفائىيا تۇل ئەيئان ۋە ئەنبە ئەززامان» ناملىق مەشھۇر ئەسىردە: «ئىبن سىنانىڭ
بىلىملىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك فارابى ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان. ئىبن سىنانىڭ
ئەسەرلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنىڭ تەلىماتىنى جارى قىلدۇرغان» دېسە،
گوللاندىيىلىك ئەرەپشۇناس بوئېر ئۆزىنىڭ «ئىسلام پەلسەپىسى تارىخى» دېگەن كى-
تاۋىدا: «ئىبن سىنا كىتاۋىدا بىرەر تەلىماتمۇ فارابىگە ئاساسلانماي مەيدانغا كەل-
مىگەن» دەپ يازغان. بۇ ئىبن سىنانىڭ پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىغا قارىتىلغان.
ئىبن سىنا فارابىنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ مەشھۇر
ئەسىرى «كىتاپ ـ ئەش ـ شىفا» ناملىق 18 جىلدلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. بۇ كى-
تاپ ماھىيىتى ئېتىۋارى بىلەن تىبابەتچىلىك كىتاۋى ئەمەس، بەلكى پەلسەپىۋى كى-
تاپ ئىدى. ئۆرگەنچتە خارەزم ئەمىرى ئەلى بىننى مەمۇن (999 ـ 1016) نىڭ ئىلىم
پەرۋەر ۋەزىرى ئەبۇل ھۈسەيىن ئەل سەھلى ھوزۇرىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر ئىبن سىنا
تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە قايتا بايان قىلىنغان فارابى پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى-
نىڭ ئەڭ ياخشى تەسۋىرى ئىدى. بۇ كىتاپنىڭ 6 ـ جىلدى ئايرىم كىتاپ شەكلىدە
«روھىيەتنامە» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە پوكولتېتى
تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئىبن سىنا ئىسپاھاندا يازغان «كىتابۇل
ناجەت»، «كىتابۇل ئىشارەت ۋە تەنبىيات»، «كىتابۇل ئىنسان» قاتارلىق ئەسەرلىرى-
دىمۇ فارابى كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلانغان.
ئىبن سىنا بىلىش نەزەرىيىسىدە ئەقلىي بىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى يېتەرلىك چۈ-
شەنمىدى. ئۇ تولاراق بىۋاستە ھېسسى بىلىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئەقلىي بى-
لىشنى قانداقتۇر ئىنساننىڭ ھېسسى بىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل
بىلىش شەكلى ئىكەنلىكىدە ئىككىلەندى. ئۇنىڭچە، ئەقلىي پائالىيەتنىڭ ھەممىسىلا
«ئالەم روھى» ئىدى. ئىبن سىنا فارابىدىن پەرقلىق ھالدا تۈيغۇ نەزەرىيىسى (سېنسو-
ئالىزىم) خاتالىقىغا گىرىپتار بولغان ئىدى. بۇ، ئەيىنى زاماندا ئەررازى ۋە ئەل كىندىدىمۇ
سادىر بولغان خاتالىق ئىدى. مانا بۇلار ئىبن سىنانى يېتىشتۈرگەن مەنىۋى مەنبە.
ئىبن سىنا فارابى تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ تى-
بابەتچىلىك كۆز قاراشلىرىنى راۋاجلاندۇردى ۋە فارابى تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قا-
راشلىرىنى تىبابەتچىلىكتە جارى قىلدۇردى. ئىبن سىنا تىببى ئەمەلىيەت ئارقىلىق
تىبابەتچىلىك ئىلمىگە غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئىبن سىنانىڭ تىبابەتچىلىك تارىخى-
دىكى ئەڭ چوڭ خىزمىتى، ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «ئەل قانۇن فىت تىببى» ئەنە شۇ ئا-
ساستا مەيدانغا كەلدى.

«ئېنسكلوپېدىك» خاراكتېرگە ئىگە بۇ ئەسەر ئىسلام شەرقىنىڭ ئىلمىي ئىلگىرىلەشلىرى بىلەن ئىبنى سىنانىڭ بۇ جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش روھىنى نامايىش قىلدى. ئۇ، سىل كېسەللىكىنىڭ تارقىلىۋچان خاراكتېرىنى يېشىپ بەردى. كېسەلنىڭ سۇ ئارقىلىقمۇ يۇقۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۇردى. ئۇ دىئافراگما ياللۇغىنى بىلىپ يېتەلىگەن، قان شورىغۇچى قۇرۇت كېسەللىكگە دىئاگنوز قويالىغان. ئۇندىن باشقا 760خىل ئوخشىمىغان دورا تۈرلىرىنى بايان قىلغان. «ئەلقانۇن» ھەر ھالدا گاللېن ۋە ئەررازى ئەسەرلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى. ئۇ XII – XVII ئەسىرلەردە ئوتتۇرا شەرق ۋە غەربىي ياۋروپانىڭ ئاساسلىق تىببىي دەستۇرى بولۇپ قالدى. كرېمونالىق رېلارد ئۇنى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، 15 – ئەسىر ئاخىرىغىچە 16 قېتىم نەشر قىلىنىدى①.

## 2

ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» ناملىق ئەسىرى ئالىمنىڭ ئۆز يۇرتى بۇخارادىن ئايرىلغان ۋە ئوتتۇرائاسىيا زېمىندىن ئىرانغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن كۈنلىرىدە يېزىلغان.

ئىبنى سىنا 19 ياشقا كىرگەن يىلى قەشقەرنى پايتەخت قىلغان قاراخانلار قوشۇنلىرى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، پارس سامانى سۇلالىسى مۇنقەرز قىلغان ئىدى. ئىبنى سىنا بۇ چاغدا بۇخارادىن خارەزم مەركىزىي شەھىرى ئۈرگەنچكە كۆچۈپ كەلگەن. خارەزمدىكى خاتىرجەملىكمۇ ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. ئۇششاق ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدىكى قوراللىق ماجرالار ۋە سىياسىي پىتنىلەر ئىبنى سىنانى ئۈرگەنچتىن ئايرىلىشقا نىسا، بىۋەرد، تۇس، جورجان قاتارلىق خۇراسان شەھەرلىرىدە كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. مەھمۇت غەزنە ۋىنىڭ خارەزمگە مۇداخىلە قىلىش خەۋپى كۆچەيگەندە، ئىبنى سىنا ئىران تېرىتورىيىسىگە ــ ھەمەدانغا كۆچۈپ كەتتى. «تىب قانۇنلىرى» ئۈرگەنچتە پىلانلىنىپ، جورجاندا يېزىشقا باشلىنىپ، ھەمەداندا ئاياقلاشتى. ئىبنى سىنا ھەمەدان سۇلتانى شەمسۇل دەۋلەنى داۋالاپ، ئۇنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ئىدى.

تۆۋەندە تىبابەتچىلىك تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان تىببىي قامۇس «ئەل قانۇن»نىڭ تەبىئەتپەلسەپىسىگە ئائىت بىر قەدەر مۇھىم ۋە ئومۇمىي ئەھمىيەتلىك بولغان بەزى مەزمۇنلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز②.

① س. ن. فىسخېر: «ئوتتۇرا شەرق تارىخىي» 148 - 149 - بەت.
② تۆۋەندە سىتاتە ئېلىنغان سۆزلەر «ئەل قانۇن فىت تىبب»، 1954 - يىل تاشكەنت نەشر نۇسخىسىنىڭ 1 -، 5 -، 6 -، 7 -، 9 -، 10 -، 11 -، 12 -، 14 -، 21 -، 34 -، 38 -، 97 -، 122 -، 126 -، 127 -، 132 -، 134، 135، 174 -، 176 -، 205 -، 214 -، 290 -، 293 -، 303 -، 304 -، 306 -، 317 - بەتلىرىدىن ئېلىنغان.

ئىبن سىنا تىبابەتچىلىك ئىلمىنى توغرىسىدا تەبىر بېرىپ: «تىبابەتچىلىك شۇنداق ئىلىمكى، ئۇ ساغلاملىق ۋە كېسەللىك جەھەتلىرىدىن ئادەم بەدىنىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىدى ساقلىقنى ساقلاپ يوقىتىلغان ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت» دەيدۇ. ئۇ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى خۇددى فارابىدەك «نەزەرىي تىبابەتچىلىك» ۋە «ئەمەلىي تىبابەتچىلىك»تىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلىدۇ. ئۇ: «تىبابەتچىلىك نەزىرىيىسى دېگەندە، بىز تىبابەتچىلىك قانۇنلىرىنى ئۆگىنىشنى چۈشىنىمىز» — دەيدۇ. ئىبن سىنا تىبابەتچىلىكنى ساغلاملىق ۋە كېسەلچىلىكتىن ئىبارەت قارىمۇ - قارشى ھادىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم سۈپىتىدە ئىزاھلاش بىلەن ئۆز كىتاۋىغا «تىب قانۇنلىرى» دەپ نام بەرگەن. ئىبن سىنا تىبابەتچىلىك قانۇنلىرىنى «ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر ۋە خۇسۇسىي قانۇنىيەتلەر» دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلگەن.

ئىبن سىنانىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «ساغلاملىق شۇنداق بىر مەلەكە ياكى ھالەتكى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئورگانلاردا ساغلام پائالىيەت پەيدا بولىدۇ. ساغلاملىق توغرىسىدا بۇنىڭغا لايىق كەلمەيدىغان باشقا بىر تەرىپ يوق». «ئاغرىق ئەلۋەتتە بىرەر يېقىمسىز نەرسىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلىغىنىڭ تەسىرى»، «ھەرقانداق يېقىمسىز سەزگۇ يېقىمسىز بولغىنى ئۈچۈن ئۇ يەنە كېسەللىك پەيدا قىلغۇچىدۇر»، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، «ئاغرىق ھايۋان بەدىنىدە ۋەقە بولىدىغان غەيرىي نورمال ھاللاردىن بىرى، ئاغرىق بىرەر يېقىمسىز نەرسىنى سېزىشتۇر».

ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىكنى ئىلىم سۈپىتىدە بايان قىلغىنىدا ھادىسىلەرنىڭ ئۆز زاتىدىكى مۇقەررەرلىك ۋە مۇمكىنلىك مۇناسىۋىتىگە، سەۋەبىيەتلىك مۇناسىۋىتىگە ئاساسلانغان. ئۇ تەقدىرچى (فاتالىست) بولماستىن، قانۇنىيەتچى (دېتېرمىنىست) ئىدى. ئۇ: "بىر نەرسىنى بىلىش — ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى (ئەگەر شۇنداق سەۋەبلەر بولسا) ۋە تۈپ ئاساسلىرىنى ئۆگىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ" — دەيدۇ. ئۇ كېسەلچىلىكنى بىلىشتە ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ۋەج — سەۋەبلەردىن بىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭچە: "ساغلاملىق، كېسەللىك ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى گايى ئاشكارا، گايى يوشۇرۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېس قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى كېسەل ئالامەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقلا ئېرىشىش لازىم". چۈنكى، "تەجرىبە ھېسسىيتىن ئۈستۈن".

ساغلاملىق ۋە كېسەللىك سەۋەبلىرىنى ئىبن سىنا تۆت خىلغا ئايرىيدۇ. ئۇلار "ماددىي، فائال، شەكلىي ۋە تۈگەللىگۈچى سەۋەبلەر" دىن ئىبارەت. ئىبن سىنا ماددىي سەۋەبلەرنى نېگىزلىك سەۋەب دەپ يەنە ئىككىگە بۆلىدۇ. «بۇلار ئىچكى سەۋەبلەر» ۋە «تاشقى سەۋەبلەر» بولۇپ، ئىچكى سەۋەبلەرگە روھىي ھالەت، خىلت ھالەتلىرى ۋە تۆتىزاتنى كىرگۈزگەن. بۇنى «ئالدىن كەلگۈچى» سەۋەبلەر دەپمۇ ئاتايدۇ. تاشقى

سەۋەپلەرگە «باغلىغۇچى سەۋەپلەر» مەسىلەن: يۇقۇملىنىش سەۋەپلىرى كىرىدۇ. ئىبىن سىنا پائال سەۋەپلەرگە مىجەز - خۇلۇق ۋە ئۇنىڭ ئىنسانغا بولىدىغان قۇۋۋەتلىك تەسىرىنى كىرگۈزىدۇ. تۆگەللەۋچى سەۋەپلەر دەپ ئومۇمى فىزىولوگىيىلىك پائالىيەت سەۋەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبىن سىنا ساددا دىيالېكتىكىلىق هالدا، ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى — تۆۋەندىكى 7 خىل نەرسىنى مۆتىدىل قىلىش دەپ كۆرسەتكەن. بۇلار «مىزاجنى مۆتىدىل قىلىش؛ يېمەك ئىچمەكنى تاللاش؛ بەدەننى كېرەكسىز نەرسىلەردىن تازىلاپ تۇرۇش؛ توغرا تۇزۇلۇشنى ساقلاش؛ يېتەرلىك ۋە پاكىزە هاۋا بىلەن نەپەس ئېلىش؛ كىيىم - كېچەكنى ياخشىلاش؛ جىسمانىي ۋە روهىي هەركەتلەرنى نورماللاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت. ئىبىن سىنا ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىقنى جىسمانىي ۋە روهىي هەركەتلەر قاتارىغا كىرگۈزگەن.

شۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىبىن سىنا ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە تىبابەتچىلىك قاراشلىرىدا، ئىنساننى پۈتۈن ئالەمنىڭ بىر قىسمى، بىپايان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، جۈملىدىن، ئالەم گارمونىيىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭچە، تاشقى مۇهىت بىلەن، تەبىئەت بىلەن ئادەم ئورگانىزمى دائىمى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئىبىن سىنا ئۆزىنىڭ سەۋەبىيەت هەققىدىكى پەلسەپىۋى كۆز قارىشى بويىچە، ساغلاملىق ۋە كېسەللىكنى ئادەم هاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ماددى ۋە مەنىۋى، بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق سەۋەپلەرنىڭ كونكرىت ئاقىۋىتى سۈپىتىدە چۈشەندۈرىدۇ.

ئىبىن سىنا ئالەمنى سۇ، ئوت تۇپراق ۋەهاۋادىن ئىبارەت تۆت تىزاتنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن هاسىل بولغان؛ ئادەم هاياتى خاراكتىرى بىر - بىرىگە زىت بولغان ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان تۆت خىل هاياتى ماددىنىڭ — تۆت خىل تىنىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تايىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىبىن سىناچە، سۇ هۆل سوغاقلىقنى، تۇپراق قۇرۇق سوغاقلىقنى، هاۋا هۆل ئىسسىقلىقنى، ئوت قۇرۇق ئىسسىقلىقنى ئۆزىگە تۇپئالامەت قىلغان. ئىبىن سىنا بۇ مەسىلىدە هىپپوكرات، ئارىستوتىل ۋە فارابىغە ۋارىسلىق قىلىپ، «تۇپراق» — زېمىن مەركەزلىك كۆزقارىشىدا چىڭ تۇردى. ئۇ تۆت تىزاتنىڭ«ئىككىسى يەڭگىل ۋە ئىككىسى ئېغىر بولۇپ، يەڭگىلى ئوت بىلەن هاۋا، ئېغىرى سۇ بىلەن تۇپراق»دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭچە، تۇپراق ئۆزىنىڭ تەبىي ئورنى جەهەتتىن هەممە جىسىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ؛ تەبىي خۇسۇسىيىتى جەهەتتىن سوغاق ۋە قۇرۇق بولىدۇ؛ سۇ بىلەن هاۋا تۇپراقنى قورشاپ تۇرىدۇ، سۇ تەبىي خۇسۇسىيىتى جەهەتتىن سوغاق ۋە هۆل بولىدۇ؛ هاۋانىڭ تەبىئەتتىكى ئورنى ئوتنىڭ ئاستى، سۇنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، تەبىي خۇسۇسىيىتى ئىسسىق ۋە هۆل بولىدۇ؛ئوتنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنى باشقا زاتلارنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، تەبىئى خۇ-

سۇسىيىتى ئىسسىق ۋە قۇرۇق بولىدۇ. ھاۋا بىلەن ئوت ئادەم بەدىنىنى دەسلەپكى ھەركەتكە كەلتۈرىدىغان نەپەسنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇشى بىلەن بىللە يەنە ئىنساندىكى روھىي (پسىخىك) پائالىيەتكە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭچە: «تۆتزات ۋە ئۇلارنىڭ كۆللىياتى (ئارىلىشىشى) دىن باشقا جىسىم مەۋجۇت ئەمەس»، «ئالەم بىر، ئالەمدىن باشقا ئالەم يوق»① دېدى. ئۇنىڭچە، تەڭرى مۇقەددەسلىكى تېگى — تەكتىدىن يەنىلا جىسىملارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىدى②.

ئىبن سىنا بۇ كۆز قاراشنى ئىنسان ھاياتىغىمۇ تەتبىق قىلغان. ئىبن سىناچە تۆتزاتنىڭ ئىنسان بەدىنىگە تەسىر قىلىشىدىن تۆت خىلىت — قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ خىلىتلار داۋاملىق ماددا ئالمىشىش بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. خىلىتلارنىڭ ھەركەتچان تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ياكى شەرتى ھېساپلىنىدۇ. ئىبن سىنا تۆتزات تەلىماتى ئاساسىدا خىلىتلار فىزىئولوگىيىسى كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ كونكرېت جىسمانىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، تۆتزاتتىن ھاسىل بولغان تۆت خىلىتنىڭ ھەر بىر كونكرېت ئادەمدىكى نورماللىق (ئېتىداللىق) تەڭپۇڭ نۇقتىسى بىر خىل بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئىبن سىناچە، ئادەملەر كونكرېت خىلىت تەڭپۇڭلۇقى يۈزىسىدىن تۆت خىل مىجەزگە (مىزاجغا) بۆلۈنىدۇ: بەزىلەردە سەپرا، بەزىلەردە بەلغەم، بەزىلەردە خۇن، بەزىلەردە سەۋدا خىلىتى ئۈستۈنلۈك ئالغان ئاساستىكى خىلىت گارمونىيىسى بولىدۇ. شۇڭا ئىبن سىنا كېسەل سەۋەپلىرىنى خىلىت نورمالسىزلىقىدىن ئىزلەش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

ئىبن سىنانىڭ قارىشىچە، «ھايات ئىسسىقلىق بىلەن، ئۆسۈش ھۆللۈك بىلەن بولىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئىسسىقلىق ۋە ھۆللۈك بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ھۆللۈك بىلەن ئوزۇقلىنىپ تۇرىدۇ»، ئىسسىقلىق، ھۆللۈك ھاياتنىڭ نورماللىقىنىڭ تۈپ شەرتى. ئىبن سىنا گەرچە ھاياتنىڭ ئاقسىل ماددىلىرىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت بىر خىمىيىلىك سىرىنى تېخى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇ ھاياتنى ئىلاھىي قۇۋۋەتنىڭ مۆجىزىلىك كارامىتى دەيدىغان ئىلاھىيەت كۆز قاراشلىرىدىن خېلىلا يىراق تۇراتتى. ئۇنىڭچە، «ھاياتىي قۇۋۋەتنىڭ كېلىپ چىقىش ئورنى يۈرەك؛ سەزگۈ ۋە ھەركەتنىڭ كېلىپ چىقىش ئورنى مېڭە؛ ئوزۇقلاندۇرۇش قۇۋۋىتىنىڭ كېلىپ چىقىش ئورنى جىگەر» بولۇپ، بۇ ئۈچ ئورگان شەخسنىڭ نورمال ھاياتىنى باشقۇرىدىغان ئورگان ھېساپلىناتتى.

① «روھنىيەتنامە» (كىتاب ـ ئەش ـ شىفا) نىڭ 6 - جىلدى. بېيجىڭ داشۆي پەلسەپە پاكولتېتى تەرجىمە قىلغان. شياڭۋۇ كىتاپ باسمىخانىسى بىساقان، خەنزۇچە 1963 - يىل نەشرىگە قارالسۇن.
② شۇ كىتاپقا يېزىلغان كىرىش ماقالىسى، 14 - بەت.

ئىبن سىنا تۆتىزاتنى «ئاددى جىسىملار» دەپ ئىزاھلىغىنىدا ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلانغان. فارابى تەھتى ساما (ئاي ئاستى) دىكى ماددى جىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىرى تۆرتىزاتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلاردا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش — پەيدا بولۇش ۋە يوقۇلۇش جەريانلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ①. فارابىچە، تۆتىزات ھەر خىل شەكىل شەيئى ۋە جىسىملارنىڭ نېگىزى بولغان بىرىنچى ماددا ھېسابلىنىدۇ②. فارابى ئۆزىنىڭ مەشھۇر «ئىھسائۇل ئۇلۇم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «ئەگەر بىز ئۇلارنى تۈرلەرگە ئاجراتساق، ئۇ چاغدا: ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت مىسرالىق شېئىر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار تەھپى سامادىكى جىسىملارنىڭ ماسسىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار سۈپەت جەھەتتە يەنە: ئىسسىق، سوغاق، ھۆل ۋە قۇرۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل بولۇپ، جىسىملارنى ھالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭا ھەركەتچان پائالىيەت بېغىشلايدۇ. مانا شۇ تۆت تۈپ نېگىز ئاساسىدا تەھتى ساما توغرىسىدىكى بىرلەمچى تۆت پەن (ئارىفمېتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە ۋە مۇزىكا ئىلىملىرى) مەيدانغا كەلگەن③ فارابى تۆتىزاتنى سۇبىستانسىيە (ئەسلى زات) ئۇنىڭ تۆت خىل خۇسۇسىيىتىنى ئاكسىدېنتسىيە (ھالەت ـ ئەراز) سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئىبن سىنا ئۇچۇنمۇ خىلتلار تۆتىزاتنىڭ ھايات ھادىسىسىدىكى ئاكسىدېنتسىيىسى ھېسابلىناتتى.

ئىبن سىنا تۆتىزاتنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ زىتلىغىنى ۋە بۇ زىددىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغانلىغىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان. ئۇ «ئەل قانۇن»نىڭ 14 ـ بېتىدە: «زاتلىرى بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق بولسىمۇ، بىراق تەبىئى خۇسۇسىيەتلىرى ئۆز ئارا زىت نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرى بىر ـ بىرىدىن تەسىرلىنىدۇ، ئەمما، تەبىئى خۇسۇسىيىتى ئوخشاش نەرسىلەر بىر ـ بىرىدىن تەسىرلەنمەيدۇ» دەپ يازغان. مانا بۇ زىددىيەتنىڭ بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىش قانۇنىدۇر، ئىبن سىنا قارىمۇ ـ قارشى خۇسۇسىيەتتىكى ئەسلىزاتلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر قىلىشىدىن مەيدانغا كەلگەن ھالەتنى «مىزاج» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇ «ئەلقانۇن»نىڭ 9 ـ 10 ـ بەتلىرىدە: «زاتلارنىڭ ناھايىتى كىچىك زەررىلىرىدىكى قارىمۇ ـ قارشى كەيپىياتىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولغان كەيپىيات مىزاج دېيىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، ئىبن سىنا تۆتىزاتتىن پەيدا بولغان ئىسسىقلىق، سوغاقلىق، ھۆللۈك، قۇرغاقلىقتىن ئىبارەت تۆت خىل قۇۋۋەتنىڭ ئۆز ئارا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە

①، ② «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى»، 76 ـ، 77 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

③ ئەل فارابى: «ئىھسائۇل ئۇلۇم» رۇسچە نەشرى بىلەن ئا. م. بوگوئۇتدىنوۋ: «تاجىك پەلسەپىسى تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» رۇسچە نەشرى، 71 ـ بەتكە قارالسۇن.

مەيدانغا كەلگەن نىسبىي مۇقىملىق ھالەتنى «مىزاج ـ كەيپىيات» دەپ تەبىرلىگەن. ئۇ مىزاج ـ كەيپىياتنى نەزىرى جەھەتتە ئىككىگە بۆلگەن: بۇنىڭ بىرسى، مەلۇم كىشىدىكى قارىمۇ ـ قارشى كەيپىياتلارنىڭ تەڭ مىقداردا بولۇشى ۋە ئۆز ئارا تەڭپۇڭلۇقى؛ يەنە بىرسى، مەلۇم كىشىنىڭ مەلۇم كەيپىياتقا، مەسىلەن، ئىسسىققا ياكى سوغاققا ياكى بولمىسا، قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل سوغاق قاتارلىقلارغا مايىل بولۇشىدىن ئىبارەت.

شۇنداق قىلىپ، مىزاج ئەسلى زاتنىڭ مۇرەككەپ ئارىلىشىشى ۋە ئۆز ئارا تەسىر قىلىشى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. «ئەلقانۇن»نىڭ 34 ـ بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە: «زاتلارنىڭ دەسلەپكى بىرىكمىلىرىدىن پەيدا بولغان جىسىملار خىلىتلار»دىن ئىبارەت بولىدۇ. دېمەك، ئىبنى سىنانىڭ كۆرسىتىشىچە، خىلىتلار ئىنسان بەدىنىدىكى تۆت زاتتىن ھاسىل بولغان دەسلەپكى مۇرەككەپ بىرىكمە ـ جىسىم بولۇپ، مىزاج جىسمانىي ھالەتتىكى مۇئەييەن تەڭپۇڭلۇق ھالىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىبنى سىنا «ئەل قانۇن»دا سەۋەبىيەت نەزەرىيىسى ۋە بىلىش نەزەرىيىسىگە تايىنىپ، كېسەللەرنى بايقاپ كۆزىتىش، كېسەللىكتە ئىپادىلەنگەن مىزاج خۇسۇسىيەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش، شۇ ئاساستا كېسەلگە ھۆكۈم قىلىش، كېسەلنى داۋالاش ۋە كۈتۈش قاتارلىق بىر قاتار نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. ئۇ كېسەلگە مۇئامىلە قىلىشتا كونكرېت كېسەلنىڭ كونكرېت ھاياتىي مۇھىتىنى پەرقلەندۈرۈش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. «ئەلقانۇن» نىڭ 1 ـ تومى 173 ـ 176 ـ بەتلىرىدە «ئىسسىق جايلار»، «سوغاق جايلار»، «نەملىك جايلار»، «قۇرغاق جايلار» ، «ئېگىزلىكتىكى جايلار»، «تۆۋەنلىكتىكى جايلار» «يالاڭتاشلىق جايلار»، «قارلىق تاغلار»، «دېڭىز ساھىلىدىكى جايلار»، تۆت تەرەپتىكى جايلار ۋە ھەرقايسى پەسىللەرنىڭ ئوخشىمىغان شەرت ـ شارائىتىغا قاراپ، كېسەللىك ۋە داۋالاشنىڭ ئومۇملۇقلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. ئىبنى سىنا تۆت زاتنىڭ ھەر خىل رايون ۋە ئېقلىملاردىكى ئۆز ئارا بىرىكىش ۋە زىددىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئادەم ئورگانىزمىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ۋە خىلىت تىندىنسىيىلىرىنى تەھلىل قىلغان. بىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ«قۇتادغۇبىلىگ»داستانىنىڭ مۇرەككەپ روھى ـ ھادىسە بولغان چۈش كۆرۈشنى ئادەمنىڭ يېشى، تۆت پەسىل شارائىتى، ئادەمنىڭ تۆت خىلىت ئەھۋالى ھەتتا ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئورنى ئاساسىدا ئىزاھلىغان بېيىتلىرىدىن «ئەل قانۇن» دىكى كونكرېت كېسەلنى كونكرېت كۆزىتىش كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى تەبىئىي ھېس قىلىمىز. بۇ ھازىرغىچە تىبابەتچىلىكتە يېتەرلىك ئېتىۋارغا ئېلىنمىغان غايەت مۇھىم ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى مەسىلە بولۇپ، ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئىبن سىنا ئۆز ئەسەرلىرىدە فىزىولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك ۋە نېرۋ تەلىماتى مەسىلىلىرىنى تەبىئەت پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزىرىدە ئىزاھلىغان. ئۇ ئادەم ئورگانىزمىنىڭ فىزىولوگىيىلىك كاتېگورىيە — قۇۋۋەت (ئېنېرگىيە ۋە ئىقتىدار)، پائالىيەت (فونكتسىيە)، تەسىر ۋە بۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا كەڭ توختالغان. ئۇ قۇۋۋەتلەر ۋە ئۇلاردىن پەيدا بولىدىغان تەسىرلەرنى 3 خىلغا بۆلگەن. بۇلار: نەپسانى قۇۋۋەت، تەبىئى قۇۋۋەت ۋە ھايۋانى قۇۋۋەتتىن ئىبارەت. ئىبن سىنا پسىخىك ۋە نېرۋا ئىقتىدارىنى «نەپسانىي قۇۋۋەت» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭچە، نەپسانى قۇۋۋەت باش مىڭە ۋە نېرۋ سىستېمىسى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدىغان ئىدراك قىلىش بىلەن ھەركەتلەندۈرۈلىدىغان ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىدراك قىلىش ئىچكى ئىدراك قىلغۇچى قۇۋۋەت (پىكىر قىلىش ئىقتىدارى) ۋە تاشقى ئىدراك قىلغۇچى قۇۋۋەت (5 سەزگۇ ئىقتىدارى) دىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئۇ «نەپسانى قۇۋۋەتنىڭ ئورنى ۋە تەسىر پەيدا قىلىدىغان جايى مىڭە» دەپ كۆرسەتكىنىدە، ئالى نېرۋ پائالىيىتى تەتقىقاتىغا يېقىنلاشقان. ئۇنىڭ «تەسىر پەيدا قىلىدىغان جايى» دېگىنى نېرۋ ۋە رېفلېكسلارغا (گەرچە، بۇ ئاتالما قوللىنىلمىغان بولسىمۇ) ئىشارەت بولغان.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئىبن سىنا نېرۋ تەلىماتى توغرىسىدا تولىمۇ قىممەتلىك تۆھپىلەر قوشتى. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن نېرۋىنى ئىلاھىيەتلىك ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى تەبىئەتشۇناسلىق ئاساسىدا «بۆلەكلىرى بىر — بىرىگە ئوخشايدىغان ئورگان» دەپ كۆرسەتتى. بۇ نېرۋا ھۈجەيرىلىرى توغرىسىدىكى مىكراسكوپ ئىختىراسىدىن ئىلگىرى ئەڭ ياخشى مۇھاكىمە ئىدى. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ئەل قانۇن» نىڭ 35 — بېتىدە: «نېرۋىلار مىڭە ۋە ئارقا مىڭىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان ئاق مەيىن جىسىملار بولۇپ، ئەۋرىشىم. ئۇلارنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە ئاجرىلىشى ئانچە ئاسان ئەمەس. نېرۋىلار سېزىش ۋە ھەركەتنىڭ ئىزچىل بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. ئىبن سىنا نېرۋىلارنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ جىگەر قاتارلىق ئاساسلىق ئورگانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە كەڭ توختالغان. ئىبن سىنا نېرۋ پائالىيىتىنى ئۆزىگە خاس بىۋاسىتە پائالىيەت (تۇيغۇ ۋە ھەركەت پائالىيىتى) ھەمۋاستىلىق پائالىيەت (مۇسكۇللار ۋە بەدەننى قاتتىق مەزمۇت تۇتۇش پائالىيىتى) دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. ئىبن سىناچە، ئىچكى ئەزادىكى كېسەللىكلەرنى سېزىپ، مەلۇم قىلىپ تۇرۇشمۇ نېرۋ پائالىيىتىگە تەئەللۇق. ئىبن سىنا چۈش كۆرۈشنى ئادەمنىڭ رېيال مۇھىتى ۋە مىجەز — ھالىتىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئىزاھلىغان. نېرۋ فىزىولوگىيىسى بىلەن پسىخولوگىيىنىڭ ئىۋان پاۋلوۋ تەرىپىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار زور ئۇتۇقلىرى، ئىبن سىنانىڭ مىڭە ۋە نېرۋ تەلىماتىنىڭ بىلىش تارىخىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر مۇۋاپپەقىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئىبن سىنا تەبىئى قۇۋۋەتنى ئىككىگە بۆلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى شەخس ھاياتىنىڭ

ئۇسۇشى، ساقلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مـاددى قـۇۋۋەتلەرنى ـــ ئوزۇقلىنىش ۋە ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئـالـسا؛ يەنە بىرى، ئىرسى قۇۋۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىبن سىنا قان يۈرەك سىستېمىسىغا ئائىت بارلىق پائالىيەت ۋە ئىقتىدارنى ھايۋانى قۇۋۋەت دەپ ئاتىغان.

ئىبن سىنا كېسەللىنى بايقاپ بىلىشنىڭ بىر يۈرۈش مـەنتىقى ۋە تىببى ئۇسۇللىرىنى بايان قىلغان.

ئىبىن سىنا ئادەم جەسىدىنى يېرىپ، ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى «كىتاپ ـ ئەش ـ شىفا»نىڭ 6ـجىلدىدا ئۆز تىلى بىلەن يېزىپ ئۆتكەن ئىدى. «ئۇنىڭ كۆز مۇسكۇللىرىنىڭ تۇزۇلمىسى توغرىسىدىكى تەسۋىرى تەپسىلىلىك جەھەتتە، ھازىرقى زامان مۇتەخەسسىسلىرىنىمۇ قايىل قىلىدۇ. ئۇ مىڭە ۋە نېرۋ تۈزۈلمىسى توغرىلىقمۇ تەپسىلى بـايـان قىلغان»①. «ئـەل قـانـۇن»دا، 48 خىل تومۇر تۇتۇش ئـۇسـۇلـىـنـى تـونـۇشـتـۇرغـان. تـومـۇر سـوقـۇشـنـىڭ كـۈچلۈك ـ ئـاجـىـز، ئېنىق ۋە يوشۇرۇن بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەر خىل كېسەللىك بىلەن مۇناسىۋىتىنى بايان قىلغان. تومۇرلارنىڭ بوغۇم ـ ئۆلچەملىرىنى كۆرسەتكەن. شېكەر سىيىش كېسەللىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلىمۇ «ئەل قانۇن»دا كۆرسىتىلگەن. ئىبن سىنا «مىڭىنىڭ خىزمىتى ھەققىدە ئەركىن ھەركەت ھالىتىگە ۋە سەزگۈ ھـەم پىكىر قىلىشقا قاراپ؛ يـۈرەكنىڭ خىزمىتى ھەققىدە تومۇر سوقۇشى ۋە نەپەس ئېلىشقا قاراپ؛ جىگەر خىزمىتى ھەققىدە نىجاسەت ۋە سۈيدۈككە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ» ـ دىگـەن ئىدى. بۇ ھازىرقى تىبابەتچىلىكنىڭ كېسەل ئېنىقلاشتىكى ئورتاق ئۇسۇلى بولۇپ قالدى.

ئىبن سىنا داۋالاشنىڭ ھەم دورا ياساشنىڭ كۆپ خىل ئـۇسـۇللىرىنى قوللانغان. ئۇ سۈيدۈك يولىغا تاش تۇرۇپ قېلىشنى داۋالاش ۋە نەپەس يولىنى ئوپېراتسىيە قىلىش، جاراھەت ئېغىزلىرى ۋە تاشقى زەخىملىنىشنى داۋالاش، زۇكام، مېنىنگىت، ئاشقازان ياردىسى سەۋەپلىرىنى تەھلىل قىلىش جەھەتتە قىممەتلىك تەجرىبىلەر ۋە قىياسلار ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ سىفلىسنى سىماپ پوقى بىلەن داۋالاش، سىماپتىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، فىلتىرلانغان ئاكـۋا بىلەن زەھەرسىزلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتتىكى تۆھپىلىرىمۇ ماددىنى ماددا بـىـلـەن ھـەل قىلىشتەك تەبىئەت پەلسەپىسى كۆزقاراشلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

ئىبن سىنا لۇئى پاستىر (1822 ــــ 1895)دىن 8 ئـەسىر مـۇقەددەم ئۆپكە سىلى، خولىرا، كىزىك، قىزىل قاتارلىق كېسەللەرنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈنمەيدىـغـان ئۇششاق مىكروپلار (جەراسىبلەر) تۈپەيلى پەيدا بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلـغـان ئـىدى. بۇ ئىلمىي گىپوتىزا كېيىن ئىسپاتلاندى.

ئىبن سىنا پاتقاق ۋاننىسى، سۇ ۋاننىسى، قۇياش نۇرى ۋە ھاۋا بىلەن داۋالاش قاتارلىقلار ئۇستىدىمۇ توختالغان.

① بېيجىڭ داشۆ پەلسەپە پاكولتېتىنىڭ «روھىيەتنامە»گە يازغان كىرىش سۆزىگە قارالسۇن.

«ئەلقانۇن»دا، بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى تەربىيلەشنىڭ تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى پىرىنسىپلىرى، تەنتەربىيىنىڭ سالامەتلىكتىكى ئەھمىيىتى ھەققىدىمۇ مۇھىم تەۋسىيىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان.

ئىبن سىنا ئادەمدىكى خۇلق ـ مىجەزلەرنىڭ روھى ۋە جىسمانى تەسىرى توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك پىكىرلەر بايان قىلغان. ئۇ «يامان خۇلق، تۈرلۈك مىزاج بۇزۇلۇشلىرىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، يامان خۇلق ئەگەر ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا، مىزاج بۇزۇلۇشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: غەزەپ كۈچلۈك قىزىتىدۇ، قايغۇ كۈچلۈك قۇرۇقلاشتۇرىدۇ، بوشاڭلىق نەپسانىي قۇۋۋەتنى بوشاشتۇرۇپ، مىزاجنى بەلغەمگە مايىل قىلىدۇ» دەيدۇ، ۋەھاكازالار.

## 3

ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت تىبب» ناملىق كىتاۋى مەيدانغا كېلىشى بىلەن تىبابەتچىلىك ئىلمى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ تەبەت پەلسەپىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى غايەت زور ئۇتۇقى ئىدى. تېز ئارىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق، يېقىن شەرق، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىسپانىيە تىبابەتچىلىكىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەشھۇر تىبابەتشۇناس ئىمادىددىن قەشقىرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇن» ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ تەسىرى موڭغۇل سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە كۆرۈنەرلىك ئىپادىلەنگەن. مۇھەممەت ئەلى مەھەممەت ئىمىن يەركەندىنىڭ «زىيائۇلقۇلۇپ» (قەلب نۇرلىرى) ناملىق كىتاۋىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئىبن سىنانىڭ «ئەل قانۇن فىتتىبب» ناملىق بۇ نادىر ئەسىرى قەشقەردىكى «ساچىيە» مەدرىسەسىدە ئوقۇتۇش دەستۇرى قىلىنغان. ئۇنىڭ تەسىرى ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە سالماقلىق ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

ئىبن سىنانىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە تىبابەتچىلىكتىكى ئۆلمەس ئىشلىرىنى نۇرغۇنلىغان ئالىملار داۋاملاشتۇردى. بۇلار قاتارىغا: «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «Tadhkiratal - kahhalin» (كۆز دوختۇرلىرىنىڭ قوللانمىسى) ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى باغداتلىق ئەلى ئىبن ئەيسا؛ «تەقۋىم ئۇل ئەبدان تەدبىر ـ ۇل ئىنسان» (ئىنساننىڭ كۈتۈلۈش تەدبىرلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ مائەللىپى ئىبن جەزلە (1100 ـ يىلى ئۆلگەن)؛ فارابى ۋە ئىبن سىنا پەلسەپىۋى ئىدىولوگىيىسىنىڭ ۋارىسلىرى ئىبن بەجە، ئىبن تۇفەيل ۋە «ئەل كۈللىيات فىئۇل تىبب» (تىببى توپلام) ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىبن رۇشد، «ئەل فۇسۇل فىئۇل تىبب» (تىببى قوللانما) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى يەھۇدى ئالىمى ئىبن مايمۇندى؛ مىسىردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھەممەت تامىمى؛ «ئەل تەسرىف

لىمەن ئەجەز ئەن ئەل تەئەللىق» ناملىق مەشھۇر ئەسەرىنىڭ مۇئەللىپى ئىسپانىيىلىك خىرورگىيە ئالىمى ئوبۇلقاسىم ئىبنى ئاببas زەھرەۋى ۋە «ئەل تەسرىف فىئول مۇدەۋ ۋەل تەدبىر»نىڭ ئاپتورى ئەبۇ مەرۋان ئابدۇللا مالىك ئىبنى زوھۇر قاتارلىقلار كىرىدۇ.

14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياۋروپانى قارا كىزىك ئاپىتى قاپلىغاندا، ياۋروپا تىۋىپلىرى چارىسىز قالغان ئىدى. شۇ چاغدا ئىبنى خەتىپ ۋە ئىبنى خەتما قاتارلىق تىبابەتچىلەر كېزىكنىڭ يۇقۇمچانلىقى توغرىسىدىكى ئىبنى سىنا تەلىماتى بويىچە، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ كېسەل يۇقۇمچانلىقىنى ئىنكار قىلىشىغا قارشى هالدا: «يۇقۇمچانلىقنىڭ مەۋجۇتلىقىنى تەجرىبە، كۆزىتىش ۋە سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىلەن ئىسپاتلايمىز» دەپ چىققان ۋە بۇ كېسەلنى يوقىتىشقا قىممەتلىك ھەسسە قوشقان①.

ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى داۋام قىلدۇرغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئۈچ چوڭ تەرجىمان — كونستانتىن، كرېمانلىق گېراد، ستىنسىنىيىلىك يەھۇدى تەرجىمان خەرەج ئىبنى سەلىم زور خىزمەت كۆرسەتتى. گېرادفارابى، ئىبنى سىنا، ئەررازى ۋە زەھرەۋى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان ئىدى.

ئىبنى سىنانىڭ «ئەل قانۇن» ناملىق كىتاۋى گەرچە ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخى ۋە ئىلمى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئالىمنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىدىكى بىر قاتار ئىدىيالىستىك كۆز قاراشلار تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلمىي بىلىشى جۈملىدىن تىبابەتچىلىك بىلىشى ۋە پەلسەپىۋى بىلىشى تارىخىدىكى مۇھىم نامايەندە ئىكەنلىكى شۇبھىسىز. ۋ. ئى. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «تارىخىي خىزمەتلەرنى باھالاشتا، تارىخشۇناسلارنىڭ ھازىرقى تەلەپلىرىگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ بېجىرەلمىگەن ئىشلىرىنى نەزەردە تۇتماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تارىخشۇناسلارغا نىسبەتەن قانداق يېڭىلىقلار كىرگۈزەلىگەنلىكلىرىگە قارىشىمىز لازىم②».

ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت تىبب» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى تەبىئەت ئىلمىي تەتقىقاتىدا تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ، تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ھۆللۇق ئەھمىيىتىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. تىبابەتچىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشىدە ئەمەلىي تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرگەن هالدا، نەزىرى تىبابەتچىلىك تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەۋىيە، يېڭى

① س. ن. فىشىر: «ئوتتۇرا شەرق تارىخى» 149 - بەت ۋە فىلىپ گىتتى: «ئەرەب ئومۇم تارىخى» 689 - 690 - بەتلەرگە قاراڭ.

② ۋ. ئى. لېنىن: «ئىقتىسادىي رومانتىزىم»، «لېنىن ئەسەرلىرى» 2 - توم، 1955 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 150 - بەت.

بۇسۇشلەرگە ئېرىشىشىدىكى ئۆتكۈر ئىلمىي ئەھمىيىتىنى يېتەرلىك مۆلچەرلەش لازىم. ۋاھالەنكى پەلسەپە ۋە نەزىرىي تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يېڭى چوققىسىنى ئىگەللىمەي، قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن، جاھان مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى ئىستىھكامىنى ئىگەللەش مۇمكىن ئەمەس. بۇ بىلىش تارىخىدىكى مۇھىم بىر ھەقىقەت.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

△ بۇگۈنكى ئىشىڭنى ئەتىگە قويما، ئۆزەڭنىڭ ئىشىڭنى باشقىغا قويما، بىرەر ئۇلۇغ ئىش قىلماقچى بولساڭ، كېيىنگە قويما، بەلكى ياشلىق باھارىڭدىن باشلا.

— گېتې

△ دوراش كىشىنى قۇل قىلىپ قويىدۇ.

— يۇنگ

△ بىر تالانتلىق كىشىنى ھەر قانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دورىغان ھالەتتىمۇ، بەرىبىر ئۇنىڭ ئىجادكارلىق روھى سىزدە كەم بولغىنى بولغان.

— ھوگۇ

△ باھاردا تېرىمىساڭ، يازدا ئۇسمەيدۇ، كۈزدە ھوسۇل بولمايدۇ، قىشتا ھوزۇرلىنالمايسەن.

— گېنرىخ گېنى

△ ھەر قانداق بىر ئەقىللىق كىشى جاپا - مۇشەققەت بىلەن ھەسرەت - نادامەتنىڭ چېنىقتۇرۇش قىممىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

— ھېكىسلېي

△ ئەقىل - پاراسەت پەقەت بىرلا ئىشتا، ئۇ بولسىمۇ ھەممىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇش يولىنى بىلىۋېلىش.

— ھېراكلىت

△ ئەقىل پاراسەتتىن ئۈچ نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ: بىرى ئەتراپلىق پىكىر قىلىش، ئىككىنچىسى دەل - مۇۋاپىق سۆزلەش، ئۈچىنچىسى ئىش - ھەركەتتە ئادىل بولۇش.

— دېموكرىت

△ ۋۇجۇتتا ئەقىل - پاراسەتنىڭ بولغانلىقى گوياكى تەندە سالامەتلىكنىڭ بولغانلىقىدۇر.

— لاروكفوكالد

# ئادەم مېڭىسىنىڭ ئادەم مېڭىسى ئۈستىدىكى ئىزلىنىشى

## بىلىش ئىلمىنىڭ پەلسەپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشى

جۈيىچاڭ

(فۇدەن داشۆ پەلسەپە پاكولتېتى)

### ئېنگېلسنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە لېنىننىڭ تىزىسى

بۇندىن يۈز يىل مۇقەددەم، ئېنگېلس ئىنسانىيەت دۇنيا قارىشىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى يەكۈنلىگەندە، پەلسەپە بىلەن دەلىللەنگەن (پوزىتىۋ) پەنلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن، تۆۋەندىكىدەك مۇجەسسەم ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. بىرىنچى، ھازىرقى زامان دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمى ئەمدى بارلىق پەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پەلسەپىگە مۇھتاج ئەمەس؛ ئىككىنچى، ھەر بىر پەننىڭ ئۆز ئورنىنى ئېنىقلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى؛ ئۈچىنچى، پەقەت تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى تەلىماتلار يەنىلا پەلسەپە ئىچىدە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تەبىئەت ۋە تارىخ توغرىسىدىكى تەلىماتلارنىڭ ھەممىسى دەلىللەنگەن پەنگە مەنسۇپ بولۇپ كەتتى («دىيۇرىڭغا قارشى»). ئېنگېلسنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلغان ئىدىيىسىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ ماركسقا ھەمكارلىشىپ، 1845 ـ يىلى ئېلان قىلغان «مۇقەددەس ئائىلە»گە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئەسەردە XVIII ئەسىردە دەلىللەنگەن پەنلەر «مېتافىزىكا»دىن ئايرىلىپ چىقىپ، «ئۆزىگە ئايرىم پائالىيەت دائىرىسىنى بەلگىلىۋالدى» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

تارىخ ماركس ـ ئېنگېلسنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. قەدىمقى زاماندا، ئىنسانلارنىڭ بارلىق بىلىم تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى پەلسەپىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى داۋامىدا ھەربىر پەن تۆرەلمىلىرى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىدىن ئىبارەت بۇ ئانىلىق تېنىدە تەدرىجى پىشىپ يېتىلدى. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى «كوپېرنىك ئىنقىلاۋى» پەننىڭ ئىلاھىيەتچىلىككە زەربە بەرگەنلىكىنى نامايان قىلدى، ئەمما دەلىل

لەنگەن تەبىئى پەنلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ھەقىقىي ئايرىلىشى XVIII ئەسىرگە كەلگەندە، يەنى ئۇلۇغ نيوتون دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئەمەلگە ئاشقان. گەرچە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا گېگىل ئۆزىنىڭ «تەبىئەت پەلسەپىسى»نى تەبىئى پەنلەرنىڭ ئۈستىگە قويماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما تەبىئى پەنلەر يەنىلا ئۆزىدىكى ئىنقىلاۋىي كۈچكە تايىنىپ، بۇ خىل پەلسەپىدىن «ئايرىلىپ» چوڭ قەدەملەر بىلەن ھازىرقى زامان باسقۇچىغا كىردى. تەبىئەت پەنلىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا، ئىنسانىيەت تارىخى توغرىسىدىكى دەلىللەنگەن پەنلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى سەل كېيىنرەك بولدى. ئەمما ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسىشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي تەلىماتلارمۇ تەدرىجىي ھالدا پەلسەپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆز ئىلمىي فورماتسىيىسىگە ئىگە بولدى. ئەگەر XVIII ئەسىردىكى فرانسىيە ئاقارتىش ھەركىتى تۇنجى قېتىم «ئەقىل سوتى»نى تىكلەپ، تارىخ ساھەسىدە ئىلمىي ئىدىيىنىڭ دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك ئىدىيىسىنى قوغلاپ چىقىرىشنى باشلىۋەتتى دېيىلسە، ئۇنداقتا، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ماركسنىڭ «كاپىتال»نىڭ مەيدانغا چىقىشى ئىلمىي تارىخ تەلىماتىغا قارىتا ھەقىقىي تۈردە بىر چېگرا بەلگىسىنى تىكلەپ بەردى. قاتتىق ئىسپاتلانغان تارىخ ئىلمى مەيدانغا كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشى ۋە تەپەككۇرى توغرىسىدىكى تەلىماتلارغا كەلسەك، ئېنگېلس ياشىغان دەۋردە، ئۇلار پەلسەپىدىن تېخى ئايرىلىپ چىقمىغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، لېنىن «پەلسەپە خاتىرىلىرى»دە، بىز ئۈچۈن بىلىش نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى مۇھىم بىر تېزىسنى يېزىپ قالدۇردى. تېزىستا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ: "بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن دىيالېكتىكىنى ھاسىل قىلىشى تېگىشلىك بولغان بىلىم ساھەسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. ھەر قايسى پەنلەرنىڭ تارىخى؛ 2. بالىلار زېھنى تەرەققىياتىنىڭ تارىخى؛ 3. ھايۋانلار زېھنى تەرەققىياتىنىڭ تارىخى؛ 4. يىلنىڭ تارىخى 5. پسىخولوگىيە؛ 6. سەزگۈ ئورگانلىرىنىڭ پسىخولوگىيىسى». لېنىننىڭ بۇ تېزىسى ئاز دېگەندە ئىككى جەھەتتىكى مۇھىم ئەھمىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرىسى، پەلسەپىۋى بىلىش نەزەرىيىسى پەنلەر تارىخىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك بولغان پەن تارماقلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىشى لازىم. ئىككىنچىسى، بىلىش مەسىلىلىرىنى ئوبيېكت قىلغان بىر پەنلەر تۈركۈمى پەلسەپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشى لازىم. مانا بۇ، «بىلىش ھەققىدىكى پەن» (گەرچە، لېنىن بۇ سۆزنى قوللانمىغان بولسىمۇ).

بۇ تېزىسنى ئېنگېلس ياشىغان دەۋر بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى، بۇ بىر ئاجايىپ ئىلگىرىلەش. ئۇ پەلسەپىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىلىش ئىلىمىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى تېخىمۇ كونكرېت كۆرسىتىپ بەردى. لېنىننىڭ ئىلگىرىكى پەلسەپە دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن مۇشۇ بىلىش ھەققىدىكى پەن تارماقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىشىدىكى مۇھىم سەۋەپلىرىنىڭ بىرى، پەنلەرنىڭ ئۆزى ئالغا ئىلـ

گىرىلگەنلىگىدىندۇر، بىلىش پېنىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بىر نەچچە زور ۋەقەلەر دەل «دىيۇرىڭغا قارشى» بىلەن «پەلسەپە خاتىرىلىرى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن، 1879 - يىلى گېرمانىيە پسىخولوگىيە ئالىمى ۋېلگېلىم ۋونت تۇنجى پسىخولوگىيە تەجرىبىخانىسىنى قۇردى. مانا بۇ، تەجرىبە ئۇسۇلى ۋە ماتېماتىكىنى قوللانغان دەلىللەنگەن پەن — پسىخولوگىيىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، «پسىخولوگىيە مۇستەقىل ۋە بىلىم ساھەسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى بولۇپ ئايرىلدى»، ۋوندتىنىڭ ئۆزىمۇ تۇنجى پسىخولوگ دەپ قارالدى. بۇنىڭ بىلەن ئانچە پەرقلەنمىگەن مەزگىل ئىچىدە، فىزىولوگىيە، پسىخولوگىيە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بىلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. پسىخولوگىيە پېنىنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى، فىزىولوگىيە بىلەن پسىخولوگىيىنىڭ سىڭىشىپ كېتىشى؛ فىزىولوگىيىلىك پسىخولوگىيىنىڭ تارماق پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، بىلىش پەنلىرى تۈركۈمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ دەسلەپكى سادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ بىلىشى ۋە تەپەككۇرى مەسىلىسى دەلىللەنگەن پەنلەرنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى.

دەرۋەقە، لېنىننىڭ تېزىسىنى ھازىرقى دەۋر بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بىر ئاز قوپاللىراق ياكى كونىراق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدا بەزى مۇھىم تەرەپلەر، مەسىلەن، نېرۋ فىزىولوگىيىسى ۋە مېڭە ئىلمى روشەن كەملىك قىلىدۇ. بۇنىڭغا لېنىننى ئەيىبلىسەك، ئاددىللىق بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى پەنلەرنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتى لېنىندىن كېيىن بولغان؛ شۇنداقلا، لېنىننىڭ بۇ تېزىسىنى ھازىرقى زامان پەلسەپىۋى بىلىش نەزەرىيىسى ئىلمىي ئاساسىنىڭ ئۆلچەملىك مۇھىم نۇقتىلىرى قىلىۋالساقمۇ توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بىلىش پېنى قانداقلا بولمىسۇن، يەنە نەچچە ئون يىل ئالغا ئىلگىرىلىدى.

## ھازىرقى زامان بىلىش پېنى ئاساسىي نەزەرىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپى

لېنىندىن كېيىن، ھازىرقى زامان بىلىش پېنىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ئۈچ تەرەپكە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى. بىرىنچى، فىزىولوگىيە، بولۇپمۇ، نېرۋ فىزىولوگىيىسى بىلەن مېڭە ئىلمى جەھەتتە؛ ئىككىنچى، پسىخولوگىيە، بولۇپمۇ، بىلىش تەرەققىياتى پسىخولوگىيىسى جەھەتتە؛ ئۈچىنچى، لوگىكا ۋە تىلشۇناسلىق جەھەتلەردىن ئىبارەت.

لېنىن تېزىسىدا كەم بولغان نېرۋ فىزىولوگىيىسى بىلەن مېڭە ئىلمى، مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان زور دەرىجىدە ئالغا ئىلگىرىلىدى. رۇسىيە فىزىولوگى پاۋلوۋ ھەزىم قىلىش فىزىولوگىيىلىك جەريانىدىن ئالى

نېرۋ پائالىيىتى فىزىولوگىيىسىنى، جۈملىدىن، چوڭ مېڭە ئىككى يېرىم شارى فىزىولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىككى سىگنال سىستېمىسى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنگلىيە فىزىولوگى شېررىنگتون نېرۋ ھۈجەيرىلىرى پائالىيىتىدىن مېڭە پائالىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، نېرۋ مەركىزى بىلەن تەسادىپىي تەسىرلەندۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي ئۇقۇملىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى ئەللەر فىزىولوگىيىلىك پسىخولوگىيە ئالىملىرى كىشىلەرنىڭ نېرۋ سىستېمىسى ۋە مېڭىگە بولغان بىلىشىنى قۇرۇلما ۋە ئىقتىدار جەھەتلەردىن ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىپ كەلدى.

ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ مېڭىسى بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۈستىدە ئىزلىنىپ، ھەرخىل ۋاسىتىلار ئارقىلىق بۇ سىرلىق قارا ساندۇقنى بىلىشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. 1924 ـ يىلى ئاۋستىرالىيىلىك نېرۋ كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى بېرگېر مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنىنى بايقىغان ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بېشى يارىلانغان نۇرغۇن ئەسكەرلەر مېڭە زەخىملىنىشىنىڭ ئادەم ھەرىكىتىگە بولغان تەسىرى توغرىلىق كۆپلىگەن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. مېڭە مۇتەخەسسىسلىرى ئادەم ھەرىكىتى بىلەن چوڭ مېڭە پوستى بەلگىلەش ئورنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەدرىجىي ھالدا توغرا ئىگەللىۋالدى. 50 ـ يىللاردىن باشلاپ كىچىك تىپتىكى ئېلېكتىر قۇتۇبىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، يېڭى خىمىيىۋى رەڭ بېرىش تېخنىكىسى ۋە ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى، كىشىلەرنى مېڭىنىڭ مىكرو (كىچىك) قۇرۇلمىسىنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئېلېكترىك ھەرىكىتىنى خاتىرىگە ئالالايدىغان، شۇنىڭدەك، ئۇنى كىشىلەر ھەرىكىتى بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. بىر تەرەپتىن ئىلگىرى مالېكۇلا بىئولوگىيىسىگە تۆھپە قوشقان بەزى بىئولوگلار ئارقا ـ ئارقىدىن نېرۋ فىزىولوگىيىسى بىلەن مېڭە ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. مەسىلەن: نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كرىك، دېلبرووك، نىلوب ۋە بېزىل قاتارلىقلار. يەنە بىر تەرەپتىن، بارغانسېرى كۆپلىگەن نېرۋ فىزىولوگلىرى ۋە مېڭە ئىلمى ئالىملىرى پسىخىكا ۋە ئاڭنى تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندى. ئۇلار ھەم ئادەمنىڭ پسىخىكىسى، ئېڭى ۋە ھەرىكىتىدىن مېڭىنىڭ ماددىي پائالىيىتىنى ئىزلىدى؛ ھەم مېڭىنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيىلىك، فىزىولوگىيىلىك جەريانلىرىدىن ئادەمنىڭ پسىخىكىسىغا، ئېڭىغا ۋە ھەرىكىتىگە ئۆتتى. كرىك: «مېڭىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئىدراك، ئۇقۇم، تەسەۋۋۇر، ئاڭ ياكى كەيپىيات قاتارلىق، بىزنىڭ سۇبيېكتىپ تەجرىبىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىغا مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنى يەنىلا ئويلاشمىسلىققا بولمايدۇ» ـ دەپ ئېيتقان ئىدى. مانا بۇ بىرخىل يۇقۇرى سەۋىيىگە ئىگە سىستېمىلىق تەتقىقات بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئاۋستىرالىيىلىك نېرۋفىزىولوگى ئېككلېس (J·CE·ccles) ۋە ئامېرىكىلىق نېرۋ فىزىولوگى سپېررىي (K·W·Sperry) قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان «چوڭ مېڭە بىلەن روھنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش نەزەرىيىسى» ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئىلمىي نەتىجىدۇر.

ئەنئەنىۋى پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى كىشىلەرنىڭ بىلىش پائالىيىتىـ
دىن ئاشقىرى، يەنە كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى، ئىرادىسى قاتارلىق پسىخىكىلىق ھادىسىـ
لەرنى ھەمدە خاس پسىخىكىلىق ئالامەت قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
لېيىننىڭ تېزىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بىلىش ئىلمىنىڭ بىر تەرىپى بولغان پسىخوـ
لوگىيە ـ ئاساسەن بىلىش پسىخولوگىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان
بىلىش پسىخولوگىيىسى ياكى ئاڭ پسىخولوگىيىسىدە ھەرخىل نەزەرىيىۋى مەزھەپلەر
ئوتتۇرىغا چىقىپ، پسىخولوگىيە پېنىنى تېخىمۇ مول تۈسكە كىرگۈزدى. گەرچە، پسىـ
خولوگىيە تەتقىقاتىدا ئاڭ مەسىلىسىنى چەتكە قاقىدىغان، ئۇچىغا چىققان مەزھەپلەر
ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما نېرۋ پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتىغا ئەگىشىپ، ئاڭ
مەسىلىسى يېڭىۋاشتىن پسىخولوگىيىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاراۋۇللۇق ئورنىغا قايتىپ كەلـ
دى. شىۋېتسارىيە پسىخولوگى پىياگېت بىلىش پسىخولوگىيىسى جەھەتتىن، بىلىش ئىلـ
مىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي نەتىجىسى شۇكى، بىلىشنىڭ پسىـ
خىكىلىق تۈزۈلۈشى، فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، ھەرخىل ئۇقۇم ۋە باشقۇرۇشلارنىڭ تۈـ
زۈلۈشى نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ـــ «تۈرەلمە بىلىش نەزەرىيىسى»
نى يەنى «بىلىشنىڭ تۈزۈلۈشى تەلىماتى»نى تىكلىگەن. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئالاھىدە
يېرى شۇكى، تۈرلىنىشى ياكى تەرەققىيات ئۇسۇلى ئارقىلىق بىلىشتىكى پسىخىكىلىق
ھادىسىلەرنى ۋە پەلسەپىۋى بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكـ
دۇر. ئۇ ئەنئەنىۋى پەلسەپىۋى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ خىيالكەشلىك مۇھاكىمىسىگە
ئوخشىماستىن، بەلكى تەجرىبە ئىلمى ئارقىلىق بىلىشنىڭ تۆۋەن باسقۇچلۇق شەكلىـ
دىن ئالىي ئىلمىي تەپەككۇر شەكلىگە قاراپ راۋاجلىنىشىنى تېخىمۇ كونكرېت ۋە پۇخـ
تا ھالدا ئىزلىنىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكا پسىخولوگىيە جەمـ
يىتى پىياگېتنى «بىلىش نەزەرىيىسىنى پەلسەپىدىن ئايرىلغان، ئىنسانلار توغرىسىدـ
دىكى بارلىق پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پەنگە ئايلاندۇردى» دەپ مەدھىيـ
لەيدۇ (بۇ يەردىكى بىلىش نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتە، بىلىش ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ)
سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرى پىياگېتنى «بىلىش نەزەرىيىسىنى پسىخولوگىيىلەشـ
تۈردى» دەيدۇ. ئەمدى پىياگېتنىڭ ئۆزى بولسا: «ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان ساپ پەلـ
سەپىۋى مەسىلىلەر ھازىر بارغانسېرى كۆپلەپ، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايـ
لانماقتا»؛ «پەن ھامان ھېچبىر چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن، بارغانسېرى كۆپلىگەن يېـ
ڭى مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىدۇ»؛ «بىز ئېلىپ بېـ
رىۋاتقان تەتقىقاتتا، پسىخولوگىيە بىلەن بىلىش نەزەرىيىسىنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن
ئەمەس» دەپ بىلىدۇ. ئۇ ھەممە پەنلەر بىلىش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشى كېرەك،
دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ جەنۋەدە تەسىس قىلىنغان تۈرەلمە بىلىش نەزەرىيـ
ىسىنىڭ خەلقارالىق مەركىزى ئەنە شۇنداق پسىخولوگىيە ئالىمى، لوگىكا ئالىمى، ماتېـ

ماتىكا ئالىمى، كونتىرول قىلىش نەزەرىيىسى مۇتەخەسسىسى، فىزىكا ئالىمى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە خادىملارنىڭ ماسلىشىپ تەتقىق قىلىش ئورگىنىدۇر. ئەگەر بىز پىياگېتنىڭ نەچچە ئون يىل ئېلىپ بارغان تەتقىقات مەزمۇنىنى لېنىننىڭ تېزىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ دەل شۇ بالىلار زېھنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تەرەققىيات پىسخولوگىيىسى جەھەتتە بىلىش پەنىنى ئالغا سۈرگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بايقىيالايمىز. ئەنئەنىۋى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ بىلىشنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدا، بىلىشنىڭ سۇبيېكت ۋە ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇنلىغان توغرا ئەمما يەنىلا خىيالپەرەستلىك بولغان مەسىلىلەر پىياگېتنىڭ خىزمىتىدە بىر قەدەر ئېنىق، ئىلمىي ئىسپاتلاشقا ئېرىشتى.

بىلىش ئىلمىنىڭ ئۈچىنچى بىر ئاساسىي نەزەرىيە تەرىپى لوگىكا بىلەن تىلشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىدۇر. ئالدىنقىسى، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قانۇنىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىدۇ. كېيىنكىسى، كىشىلەر تەپەككۇرىدىكى مەلۇم خىلدىكى ماددىي تاشقى پوستى ۋە ئىنفورماتسىيە شەكلىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى لوگىكا ئاساسىدا، ھازىرقى زامان فىزىكا، ماتېماتىكا لوگىكىسى بىلەن دىئالېكتىك لوگىكا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. تەبىئىي تىل ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىلمىي تىلنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى پىسخولوگىيىلىك تەتقىقات، تىل - يېزىقنى بەلگە سىستېمىسى قىلىپ، ئۇنى ئىنفورماتسىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، «تىل - يېزىقنى ئىنفورماتسىيىلىك بىر تەرەپ قىلىدىغان» تارماق پەننىڭ بارلىققا كېلىشى فىزىكا - ماتېماتىكىلىق تىلشۇناسلىقنىڭ راۋاجلىنىشى، ھېساپلاش تىلشۇناسلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىلشۇناسلىقنىڭ يېڭى مەزمۇنىدۇر.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئاساسىي نەزەرىيىلەر تەرەققىياتىدىن باشقا، 50 - يىللاردا ئەنگلىيىلىك تىزگىنلەش نەزەرىيىسى مۇتەخەسسىسى تۇرىڭ مېخانىكىلىق تەپەككۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئېلېكترونلۇق مېڭە ۋە زېھنىي ئىقتىدارغا تەقلىت قىلىش تەتقىقاتى، بىلىش ئىلمىدىكى تەتقىقاتى بىر قەدەر تېز بولغان تېخنىكىلىق تەرەپكە ئايلاندى.

نۆۋەتتە تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرىدىغان، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىلىش پېنى ناھايىتى سىستېمىلىق تۈس بىلەن تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋاتماقتا. كىشىلەر كۆرەلەيدىكى، تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىشى ۋە تەپەككۇرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۆزى ئوبيېكت قىلغان دەلىللەنگەن پەنلەر ساھەسىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنى ئوبيېكتـ

لاشتۇرغۇچى پەنلەرنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ باردى. ئىنسانلار ئىلىمنىڭ راۋاجلىنىشى تېخىمۇ مۇكەممەل بىر گەۋدە بولغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. مەملىكىتىمىزدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەپەككۇر پېنىنى پۈتكۈل بىلىش ئىلمىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## پەلسەپەۋى بىلىش نەزەرىيىسى ۋە بىلىش ئىلمى

تەبىئىي پەنلەر ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ پەلسەپىدىن ئايرىلىپ چىقىش تارىخىي جەريانى پەنلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا تەڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئوخشاشلا بىلىش ئىلمىنىڭ پەلسەپىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشى، ئۆزىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئىلمىي فورماتسىيىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە يەنە پەلسەپىنى تېخىمۇ يېڭى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەپ، پەلسەپىنىڭ گۈللىنىشىنى تېزلەتتى. بۇ خىل ئىلغارلىقنىڭ تارىخىي تەسىرى كەلگۈسىدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بارغانسېرى روشەن ئىپادىلىنىپ بارىدۇ. خۇددى پەلسەپىنىڭ كونكرېت تەبىئىي پەنلەر ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدىغان بولۇپ، بەلكى رىيال بولغان، دەلىللەشكە بولىدىغان مەزمۇنلارنى باشقا پەنلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا پەنلەر تەرەققىياتىدىن يېڭى ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلغىنىدەك، پەلسەپە بىلىش پېنىگىمۇ ئىككى قولىنى سوزىدۇ: بىر قولى بىلەن دەلىللەشكە بولىدىغان مەزمۇنلارنى بىلىش پېنىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزىگە «قاراشلىق» زېمىنىنى ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، يەنە بىر قولىدا بىلىش پېنىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىدىن ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى ئېنېرگىيىلەرنى قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ يۇقۇرى قاتلامدا يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يېڭى كاتېگورىيە ۋە نەزەرىيىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ماددىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى ۋە قۇرۇلمىسى قەدىمقى زامان پەلسەپىسىنىڭ قىزغىن مۇنازىرىلىشىدىغان ماۋزۇسى ئىدى. ۋاھالەنكى، پەلسەپە بۇنداق مەسىلىنى دەلىللىگەن تەبىئىي پەنلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، يېقىنقى زامان فىزىكا خىمىيىسى ھەتتاكى ھازىرقى زامان زەررىچە فىزىكىسى نىمە دىگەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى! بۇنىڭ بىلەن پەلسەپىدىكى تەبىئەت كۆزقارىشىنىڭ ماددا نەزەرىيىسىمۇ ئابستىراكتلىقتىن كونكرېتلىققا بارىدىغان باسقۇچنى بويلاپ، زور دەرىجىدە يۇقۇرى ئۆرلىدى. ھازىرقى زاماندا يەنىلا پەلسەپىنى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئارقىلىق ئالەم ياكى زەررىچە قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پەيلاسوپ ئېھتىمال، چىقمىسا كېرەك. ئوخشاشلا، ھازىرقى زامان بىلىش ئىلمىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا، پەلسەپىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى، مەسىلەن، بىلىش «جەريانى» غا ئوخشاش

تېمىلارنى بىلىش پېنىنىڭ جاۋاپ بېرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ھەرگىزمۇ يەنىلا ئەنـ ئەنئۆۋى خىيالكەشلىك مۇھاكىمىسى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. پەلسەـ پەۋى بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن بىلىش پېنىنىڭ مۇناسىۋىتى، خۇددى پەلسەپىنىڭ تەبىئەتكۆز قارىشىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن؛ پەلسەپىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي كۆز قارىشى بىلەن ئىجتىمائىي پەننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بولۇشى لازىم.

بىلىش نەزەرىيىسى پەيلاسوپلىرى بىلەن بىلىش پېنى ئالىملىرىنىڭ قولغا ـ قول تۇتىشىپ، ئادەمنىڭ بىلىش مەسىلىسىنى ئورتاق ئىزلىنىشى، بۇ ھازىرقى زامان پەلـ سەپە پېنى ساھەسىدىكى بىر يېڭى ئېقىمدۇر، خەلقارا XVI· نۆۋەتلىك پەلسەپە يىـ غىنى ئۆيۈشتۇرغان «ئاڭ، مېڭە ۋە تاشقى دۇنيا» توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى مانا مۇشۇ خىل ئېقىمدىكى بىر بۇژغۇندۇر. مەملىكىتىمىزدە بىلىش نەزەرىيىسى پەيلاسوپـ لىرى بىلەن بىلىش پېنى ئالىملىرى ئۆزئۆملۈك ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئادەم مېڭىسى ئۆستىدىكى بىر تارىخىي ئىزلىنىشى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشۇشى لازىم.

(«ئۇنىۋېرسال بىلىم» ئايلىق ژورنىلىنىڭ 1983 ـ
يىللىق 8 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

كولنىيا تەرجىمىسى.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

△ ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىرلەشكەن پانتازىيە ـ سەنئەتنىڭ ئانىسى، مۆجىزىنىڭ مەنبەسىدۇر.

— گويار

△ بىلىمسىز كىشى ئەڭ ياخشى سۇكۇت سۇكۇتتىلا يۈرۈشى كېرەك، مۇبادا ئۇ مۇشۇ نۇقتىنى بىلگۈالسىلا، بىلىمسىز ھېساپلانمايدۇ.

— سەئدى

△ ئەخمەق بىلەرمەن بولغىچە، زېرەك ئەخمەق بولغان تۈزۈك.

— شېكسپېر

△ ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولمىغان قۇدرەتنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولـ مايدۇ.

— كرىلوپ

△ زېرەك كىشى ئۆگىنىشكە ئامراق، ئەخمەق ئۆگىتىشكە.

— ئوشىنسكىي

# «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى ئەدەپ-ئەخلاق مەسىلىلىرى

**ھېمىت مەخسۇت**

يۈسۈپ خاس ھاجىپ — قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەرىپەتلىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان بۈيۈك مۇتەككۇر ئەدىب ۋە دۆلەت ئەربابى.

XI. ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قاراخانىلار خانى فېئودال سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنى پارچىلىۋەتتى. قانۇن-تۈزۈم بۇزۇلۇپ، ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئەۋج ئالدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى گۈللەنگەن دەۋرى خاراپلىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. كونا ۋە يېڭى زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەت شەكىللەندى. مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە ياشاپ، جەمىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىنى بىۋاسىتە كۆزىتىپ، زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قاراخانىلار دۆلىتىدە پەيدا بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرنى قانداق قىلغاندا مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا جاۋاپ بېرىش مەقسىتىدە، «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنى يېزىپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار سىياسىي، پەلسەپىۋى، ئەخلاقى، قانۇنى، ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

بۈيۈك ئەدىب ئۆز داستانىدا، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلىرىدىن بىرى بولغان سوئال-جاۋاپلىق شەكىلدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، كۈن تۇغدى، ئاي تولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆرت پېرسوناژنىڭ ئۆز ئارا سۆھبەت، بىر-بىرىگە يوللىغان مەكتۇپ، ئۆز ئارا نەسىھەتنامىلىرى، دانا پىكىرلىرى ئارقىلىق ئەسەرنىڭ پىششىق ۋە مۇستەھكەم سىيۇژىت لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىققان. كۈن تۇغدى ئىلىگنى دەۋرى قىلغان تۆرت پېرسوناژنىڭ سوئال-جاۋاپلىرى ئارقىلىق شائىر پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى شاھە، ھەر قايسى تەبىقە، ھەر قايسى سىنىپ ۋە ھەر قايسى ئىجتىمائىي قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن ئاپپارات سىستېمىسىنى تۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمەلدارلاردىن

تارتىپ تاكى دىخان، چارۋىچى، ھۈنەرۋەن – كاسىپقىچە ئومۇمىي ھالدا خاراكتېرىستىكا بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نىمە قىلىدىغانلىقى، نىمە قىلىش لازىملىقى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، ئەخلاقى – پەزىلىتى، ئۆرپ – ئادەتلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى ھەققىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى، دىداكتىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەسەردىكى كۈن تۇغدى ئېلىگ — خاننىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ ئادالەت ۋە ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. داستاندىكى پۈتۈن سوئال – جاۋاپ، سۆھبەت، پەندى – نەسىھەت، كۈن تۇغدىنى ۋە دۆلەتنى ئىلىم – بىلىم، ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق دۆلەتكە، خەلققە بەخت – سائادەت كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىنى دەۋرى قىلىپ باشلىنىدۇ، راۋاجلىنىدۇ ۋە ئاخىرلىشىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى ئەدەپ – ئەخلاق تېمىسىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇن – تۈزۈمى، شاھلىق نىزامى، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي فورماتسىيىسى، ئىلىم – پەننىڭ رولى قاتارلىق كۆپلىگەن ھالقىلىق مەسىلىلەر بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ۋە ئۇلار ئۆز ئارا بىر – بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدىگە ئايلانغان. بۈيۈك ئالىم ئۆز ئەسىرىدە ئېتىكىلىق مەسىلىلەر ھەققىدە توختالغاندا، ئىككى تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بىرى دۆلەت ئەرباپلىرىدا يەنى خان، سۇلتان، ۋەزىر قاتارلىق ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنى جانلىق ئوبرازلار ۋاستىسىدا سۈرەتلەپ بەرسە، يەنە بىرى، جەمئىيەت ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەر ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەدەپ – ئەخلاق بابىدا ئۈگۈت – نەسىھەتلەر بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە ئىلىم – پەن مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ. بىز بۇ مۇلاھىزىمىزدە پەقەت ئالىمنىڭ ئەدەپ – ئەخلاق توغرىسىدىكى بەزى نۇقتىلىق قاراشلىرىنى شەرھىلەش بىلەن چەكلىنىمىز.

مەلۇمكى، ئىنسانىيەت ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىمۇ بۇ تېمىغا ئىنتايىن كەڭ ئورۇن بېرىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاۋايى – ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك ھەققىدە ئۆگدۈلمىش ئاغزىدىن مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

ھەۋەسنى ئېقىل بىرلە باسقىن ئۆتۈپ،
بىلىم بىرلە يانجىغىن نەپسىڭنى تۇتۇپ.

تۈزەلمەس تىلەسەڭ، ھەۋەس بويىنىن كەس،
تۈزىلۇر ئەگرىلىك گەر ئۆلسە ھەۋەس.

تىرىش بولمىغىن سەن ھەۋەسكە ئەسىر،
ھاۋا ـ نەپسى ئېرور بۇدىن ئوغرىسى بەس.

تىرىش، ئەقلىڭ بىلەن يېڭىلسۇن ھاۋا،
ھەۋەستىن يېڭىلسە بولۇر ئەر ياۋا.

ئالدىراڭغۇلۇق، بېخىللىق، جاھىللىق، ئۆزەمچىلىك، بىھۇدە غەزەپلىنىش، يالـ غانچىلىق دۆلەت ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن زور نۇقسانلارنى كەلتۈرىدىغان ناچار خىسلەت بولۇپ، خەلققە باش بولغان ھەر قانداق ھۆكۈمدار ياخشى نام ۋە شـۆھرەت قازىناي دىسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك:

ئالاي دىسە بەگ ياخشى شۆھرەت ۋە نام،
بۇ بەشتىن يىراقتا تۇرغۇلۇق تامام.

بىرى شاشماق ئېرور، بېخىللىق بىرى،
ئۈچىنچى غەزەپ، قىل سەۋرى، قاچ نېرى.

ئۆزەمچىل، جاھىللىق بۇ تۆرتىنچىسى،
بى شەك يالغان ئېيتماق، بۇ بەشىنچىسى.

بۇلاردىن يىراق تۇرغۇلۇق بەگ ئۆزى،
بۇزۇلماي ئېتى، ئۆتسۇن دىسە سۆزى.

قىلىشى لازىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۆزەمچىل كىيسىلى ئەڭ يامان بولۇپ، بۇنىڭغا مۇپتىلا بولغان كىشى ئۇلۇغ ئەدىپ ئېيتقاندەك:

بۇلاردىن ئۆزەمچىل قىلىق ئەڭ يامان،
چوقۇم قېينىلار كۆپ ئۆزەمچىل نادان.

بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى يوقىتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئېغىر يۈك كىشىگە ئۆزەمچىل قىلىق،
ئۆزەمچىل قىلىقتا ئوق ئات قارشى چىق.

يېغى قىلمىغانلى شۇ قىلىق قىلار،
يېغىدىن بۇ يېغى نىچۈك پەرقلىق؟

يـۇقۇرىدىكى ئىللەتلەرنىڭ قـانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چـوڭقۇر

كۆرستىش ئۈچۈن، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگ بەككە بەرگەن جاۋاۋى ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ:

كىشىلەرگە پايدىسىز، پۈتۈنلەي زىيان،
قىلۇر بۇ ئۈچ نەرسە ئەي قۇدرەتلىك خان:

بىرى كاۋلىق ھەمدە قىلىقتا ياۋۇز،
يەنە بىرى يالغان قىلار بولسا سۆز.

بىرىدۇر بېخىللىق، كىشىنى خار ئېتەر،
بۇ ئۈچ ئىش بىلىمسىز كىشىدىن كېلەر.

بىلىم — ئېقىلنىڭ چىرىغى، ئېقىل بىلىمدىن كېلىدۇ، بىلىم ئېقىلنى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بىلىملىك كىشى ئىشنى تۈزىدۇ. بىلىمسىز بولسا، ئىشنى بۇزىدۇ. بۇرۇن شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق. كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى قوغداش، باشقۇرۇش، قانۇن تۈزۈش، توغرا يولدا مېڭىش، ئىشنى توغرا قىلىش، خەلققە بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھۆكۈمدارلارنىڭ ئېقىللىق، بىلىملىك بولۇشى ھەققىدە مۇنداق ئورۇنلۇق ۋە چىرايلىق نەسىھەت قىلىدۇ:

بەگ ئاتى بىلىگ ① بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىگ «لامى» ② كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.

بەگ ئۆلسۈن، بىلىملىك ئاقىل ۋە ئويغاق،
ئۇشتۇمتۇت تەگمىگەي دىسە چاتاق.

بىلىم بىرلە تۇتار ئىلىنى بېگى،
بىلىم بولمىسا، ئىشقا يەتمەس ئوگ③.

بىلىم ئىنسان ئۈچۈن تۈگىمەس چوڭ بايلىق. ئۇنى ھېچكىم ئىگەللەپ ئالالمايدۇ (تارتىۋالالمايدۇ). ئۇ خۇددى ئېپاردەك خۇشبۇي ھىدچېچىپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇددى ئۇلۇغ ئەدىپ ئېيتقانىدەك:

ئېقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئېقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئوچۇملا لاي.

① بىلىگ — بىلىم.
② لامى — «بىلىگ» دىكى «ل» بولمىسا، «بەگ» دىگەن ناملا قالىدۇ.
③ ئوگ — ئېقىل، ئىدراك.

ئىپارنى يوشۇرساڭ بۇيى بىلدۇرۇر،
بىلىمنى يوشۇرساڭ تىلىڭ كۆرستۇر.

بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

شۇڭا، «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» دېگەندەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتىدۇكى:

ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئېسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇرخان ئۇبىل.

ئىشلەتسە ھەر ئىشتا بىلىمنى ئالىم،
ئىرىشكەي ئۇ ئىشقا ئۇتۇقلە دائىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم بەرگۈچىنى ئاسراش، ئۇنى قەدىرلەش، ئۇنىڭغا يېپىشىش لازىملىقى ھەققىدە ئەدەپ نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىلىملىك بىلىم بىرلە بەردى ئۆگۈت،
دۇرۇست چىن كىشى بولساڭ كۆزۈڭگە سۈرت.

ئەقىل بىر چىراقتۇر، كۆزى يوققا كۆز،
ئۆلۈك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سۆز.

قىلىقتا قېرى، ئۆزى ياشتۇر ئەقىل،
ئەقىل قايدا بولسا، ئۇنىڭغا ئېسىل.

بىلىمسىزلىك، تەكەببۇرلۇق، كىبىرلىك، مەغرۇرلۇق، خەلقتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ خەتەرلىك دۈشمەن. بولۇپمۇ، ئەمەل، ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ بەزىلىرىگە بۇ دۈشمەن خۇددى ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدەك ئەگىشىپ يۈرىدۇ. مەيلى بۇرۇن ياكى ھازىر ۋە كەلگۈسىدە بولسۇن، بۇنداق كىشىلەر ناھايىتى زور زىيان تارتقىنى تارتقان. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ دانالىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

تەكەببۇر بولۇش بەككە لايىق ئەمەس،
تەكەببۇرلۇق بۇزار دۇرۇست يولنى بەس.

سۆرۈن يۈز، يىرىك سۆز، تەكەببۇر كىشى،
كىشىن يىرگەندۈرەر، يۈرۈشمەس ئىشى.

يوغانلىق قىلىپ بەگ چوڭ تۇتسا كۆڭۈل،
مۇقەررەر كۆرۈر ئۇ خارلىق ئەي ئوغۇل.

ئېتى بەگ بولۇپ، خۇلقى بولسا قارا،
بولۇر قارىنىمۇ يامان خەلق قارا.

ئالىم تەكەببۇرلۇق، كىبىرلىكنىڭ كەلتۈرىدىغان يامان ئاقىۋەتلىرىنى قاتتىق سۆكىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

كىچىك دىل ئۇلۇغلۇق سۈرەر كۆپ زامان،
تەكەببۇرغا تەگمەس ئۇلۇغلۇق ھامان.

مۇلايىم ۋە كەمتەر كېرەكتۇر بۇخان،
ئۇ خىلدا ئەمەسكەن، قاچ ئۇندىن ھامان.

كۆلەر يۈزى، چۈچۈك سۆز، خۇلقى ئۈز كېرەك،
قىلىغى بۇلارغا ئۇيغۇن، تۈز كېرەك.

سۆيۈلدى ئەل ئىچرە كىچىك دىل كىشى،
سۆيۈلمەس تەكەببۇر يىرىك دىل كىشى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خانىنى ئاساس قىلىپ، ھۆكۈمدارلارغا ئورتاق ئومۇمىيۈز-لۈك پەندى ـ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، كونكرېت ئەمەلدارلار ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىدۇ.

خاندىن قالسا باش ۋەزىر ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا، ۋەزىر تاللاش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ۋەزىرلىككە بەكمۇ پۈتۈن ئەر كېرەك،
ئۇقۇملۇق، ساۋاتلىق، بەك ئاقىل كېرەك.

تىلى، كۆڭلى بىر ھەم قىلىغى كۈنى،
ئۇياتلىق كۆيۈمچان ۋە خەلقنىڭ جىنى.

كۆزى توق، سەگەك، ساق ھەم ئىش بىلگۈچى،
ياراملىق، يارامسىزنى پەرق ئەتكۈچى.

ۋاپادار ھەم ئىشچان، ھەم ئەيمەنگۈچى،
ئامانەتتە كۆڭلىنى ساپ تۇتقۇچى.

ۋەزىر بولـغۇچى ئالدى بىلـەن ئەتـراپلىق بىلىمـگە ئىگە ئالىم بولۇشى، ھەم چاققان تېتىك بولۇشى لازىم. بولمىسا، ئەدىپ ئېيتقاندەك:

ھىساپ بىلسۇن ھەم بولسۇن ئالىم، تېتىك،
بىلىم بىرلە بىلسۇن ئۆتۈرلۈك بىتىك.

يارامسىز، يامان بولسا ئەلگە ۋەزىر،
ئۇ ئەل خەلقى بۇزۇلۇر، بولۇر باي، پەقىر.

بەگنىڭ (خاننىڭ) قول ئاستىدىكى خادىملارنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى يەنىلا بەگنىڭ ئۆزىگە باغلىق:

ئۆز بولسا بېگىنىڭ دىلى ۋە تىلى،
تۇتار خىزمەتچىسى توغرىلىق يولى.

ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، ياخشىنى خان،
تېپىپ ياخشى ئات، ئەل تۈزۈلۇر ھامان.

ئەگەر بەگنىڭ ئۆزى يامان بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملار ئالىم ئېيتقاندەك:

ئەگەر بولسا بەگلەر زالىم ھەم يامان،
چىقار خىزمەتچىسى تۈز يولدىن ھامان.

ئەگەر بەگ يامانىنى يېقىن يولىتۇر،
ئېتى ھەممە دۆلـەت ئىشى بۇزۇلۇر.

بولىدۇ.

ۋەزىردىن قالسا، ئەسكەر باشلىغى ناھايىتى مۇھىم. دۆلەتنى، خەلقنى دۈشمەننىڭ بۇزغۇنـچىلىقىدىن ساقلاش ئۈچۈن، بـاتۇر ۋە قابىلىيەتلىك قوماندانىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك، ئەسكەر باشلىقلىغا:

بۇ ئىشقا جەسۇر، بەك قاتتىق ئەر كېرەك،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئەر يۈرەك كېرەك.

ئېقىللىق كېرەك ھەم يۈرەكلىك كېرەك،
جەسۇرلۇق كېرەك، كەڭ كۆڭۈللۈك كېرەك.

ۋەزىر بىلەن ئەسكەر باشلىغى ئىشەنچلىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە يېقىندىن ماسلاشسا، خۇددى خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك:

ۋەزىرلىك بىرىدۇر، ئۇنىڭدا قەلەم،
قىلىچ تۇتتى بىرسى، قولىدا ئەلەم.

بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىۋىن تۈزەر،
بىرىكسە بۇ ئىككى ئۇنى كىم ئۈزەر؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى «خاس ھاجىپ» بولسىمۇ، يەنە ئۇكىچىك پېئىللىق بىلەن ھاجىپقا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

كۆزى توق، ھايالىق، نازۇكلۇق كېرەك،
تۈمەن خىل بىلىم ۋە زېرەكلىك كېرەك.

ھاجىپ ئۆلسۇن ئاقىل، كەمتەر، مۇلايىم،
پېقىر، تۇل، يىتىمگە كۆيۈنسۇن دائىم.

دىلى بولسۇن ھەممە كىشىگە كىچىك،
تىلى بولسۇن يۇمشاق، شەكەردەك چۈچۈك.

قولاقى ساق ئولسۇن، ئېقىل، ئىلمى كەڭ،
مىجەزى تۈز ئولسۇن، تىلى كۆڭلى كەڭ.

دۆلەت غەزىنىسى شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى. شۇڭا، ئۇنى قانداق ئادەمگە تۇتقۇزۇش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئۇياتچان، مۇلايىم، ئاقىل، بىلىملىك،
كىشىنى ئەگەرچە تاپقاندا ئىلىك.

بولۇر ئۇڭا تۇتقازسا مال ـ غەزىنىنى،
ئىشەنسە ئاڭا ھەم ئۆتەپ ھەققىنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقۇرى قاتلام ھۆكۈمدارلارغا نۇرغۇن پەندى ـ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ھۇلىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەقلى ۋە جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ، تارىخى ۋە رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭقۇر پەلسەپىۋى دىداكتىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئالىملار ئۈستىدە توختىلىدۇ.

ئالىملار ئىلىم بىلەن دۇنيانى تۈزىگۈچى ۋە بېزىگۈچىدۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلىم كۆزى بىلەن ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ، ئىنسانلارنى ھۆرلۈككە، يورۇقلۇققا باشلىغۇچىلاردۇر. شۇڭا، ئۇلارنى قەدىرلەش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش ھەققىدە مۇنداق نەسھەت قىلىدۇ:

ئۇلار ئىلمى بولدى جاھاندا چىراق،
يول ئازماس كېچىدە يورىسا چىراق.

يوق ئەرسە جاھاندا ھېكىم، ئىلىملىك،
تېرىپ، ئۈنمەس ئەردى يەردە يىگۈلۈك.

قاتتىق سۆي ئۇلارنى قەدىرلە سۆزىن،
تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.

ئىشت گەپ ـ سۆزىنى، ئىشلەت ئىلمىنى،
يامانلاپ يۈرمە سەن خۇي ـ پەيلىنى.

ئۇلار قوي پادىسى ئىچرە سەركىدۇر،
ئۇ باشلاپ ماڭسا قوي تۈز يولغا يۈرۈر.

دېخانلار مۆمىن، قولى كەڭ، ئىشچان بولۇپ، بارلىق جېنى بارنىڭ نىجاتكارى، ئالىم دېخانلارنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن تەرىپلەپ:

پۈتۈن جانى بار ئاچ بولۇر ھەم تويۇر،
تىرىك بولسىلا ئۇڭا مۇھتاج ئىرور.

ساڭا ھەم شۈبھە يوق كېرەك بۇ كىشى،
پۈتەركىم، ئۇنىڭلە گېلىڭنىڭ ئىشى.

نەسىبە ئالۇرلەر تۈمەن مىڭلىغان،
يۈرۈچى يەر ئاشنى، ئۇچقانلىرى دان.

دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ دەيدۇ:

بۇلارغا قوشۇلغىن، قېتىلغىن ئۆزۈڭ،
قىلىپ ياخشى سۆزى، ئوچۇق تۇت يۈزۈڭ.

ئاقكۆكۆل، راستچىل، يۇۋاش ۋە ھېچقانداق ھىلە ـ مىكىرنى بىلمەيدىغان چارۋىچىلار ئەدىپىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

بۇلار بەك ئاقكۆكۆل، چىن راستچىل ئېرۇر،
كىشىگە يۈكىنى يۈكلىمەس بولۇر.

يىمەك ـ كىيىمەك، ئۇلاغ ـ ئات، ئايغىر ۋە يۈك،
توشۇچى بولاردىن چىقار بەلگۈلۈك.

قىمىز، سۈت، يايۇڭ، ياغ، قېتىق ياقۇرۇت،
بىسات ياكىگىز ھەم ھۇزۇر ئۆيگە تۇت.

يۇقۇرىدىكى مىسرالارنى ئوقۇغاندا، كىتاپخان ئۆزىنى چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا ياشىغاندەك ھىس قىلىپ، كۆز ئالدىدا چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسى يارىنى گەۋدىلىنىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىر چارۋىچىلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

بۇلاردۇر پايدىلىق كىشىلەر تامام،
تولا ياخشى كۆرگىن ئۇلارنى بوتام،

نىمە سورىسا بەرگىن، كېرەك بولسا ئال،
ئۇلار ھىلە بىلمەس، كۆزدۇم ئۇشبۇ ھال.

ئۇلارغا قوشۇلساڭ، ئۆزىنى تۇتۇپ ئال،
بۇلاردۇر يوسۇنسىز، ئۇسۇلسىز قوپال.

جەمىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرى ئاشپەزگە مۇھتاج. ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىغى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

باش ئاشپەز كۆزى توق، بولسۇن كۆڭلى باي،
ئۆزى پاكىزە ھەم يۈزى كۆركى ئاي.

تازا بولسا ئاشچى، تازا ئاش بېرور،
تازا بولسا ئاش ـ سۇ، سۆيۈپ يېيىلۇر.

يۈزى، ھۆسنى كۆركەم بولسۇن خۇلقى ئۇز،
ساقال ـ چاچى رەتلىك، تىلى ـ كۆڭلى تۈز.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاچكۆز، قىلىقسىز، ناپاك كىشىلەرنى ئاشپەزلىككە يولاتماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

كۆزى ئاچ كىشى ئاشقا ئاچلىق قىلۇر،
تاماققا تىقىپ قول، تاماقنى بۇزار.

كۆزى ئاچ كىشىلەر قىلىقسىز بولۇر،
قىلىقسىزلىق - كېسەلدۇر، تېگى يوق ئېرۇر.

يېقىن كەلمىسۇن ئاشقا ناپاك كىشى،
ئېرىغسىز كىشىنىڭ ئېرىغسىز ئىشى.

قول ھۈنەرۋەن - كاسىپلارمۇ باشقا ئەمگەكچى خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مۇھىم بىر قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدىغان، جەمىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ئەمگەكچىلەر گۇرۇھى بولۇپ، داستاندا بۇلارنى ناھايىتى يۇقىرى باھالايدۇ:

تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى، ياناتېرىچى،
ياسىرچى، بوياقچى، يائوقچى، ياچى.

بۇ دۇنيا زىننىتى بۇلاردىن تورۇر،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.

بۇ كىشىلەر بىلەن يېقىن ۋە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

كېرەكلىك كىشىلەر يانا بۇ ساڭا،
بېرۇر پايدا يېگىت، يېقىن بول ئاڭا.

ئىشىڭنى قىلسا ئىش ھەققىنى تېز بەر،
يىدۈرگىن، ئىچۈرگىن، ئاشنى كەڭرى بەر.

يىپەك يولىنىڭ باش تۈگۈنىگە جايلاشقان قاراخانىلار دۆلىتىدە سودىگەرلەرنىڭ رولى ناھايىتى زور ئىدى. ئۇلار يىپەك يولى ئارقىلىق دۇنيادىكى باشقا ئەللەرگە بېرىپ، ماددى مال ئالماشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم ۋاستىلىق رول ئوينايدىغان قۇلاق، كۆز ۋە تىل ئىدى. دۇنيادىكى يېڭىلىقلار ۋە ياخشى - يامانىنىڭ ھەممىسى سودىگەرلەر ئارقىلىق تارقىلاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلارنى تەرىپلەپ:

شەرقتىن ـ غەرپكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلىگىنىڭ نەئەرسە ساڭا كەلتۈرۇر.

ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما جۇۋا كىيەتتىڭ قاچان؟

كېزىپ گەر سودىگەرلەر يۈرمىسىدى،
بۇ ئۈنچە تىزىقنى كىم كۆرەر ئىدى؟

دىسە، ئۇلارنى قەدىرلـەش ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

تىرىش سەن، ئۇلارنى تولا ياخشى تۇت،
كېتەر ياخشى نامىڭ، يىراقلارغا يۇت.

شۇلاردۇر جاھانغا ئېتىڭ يايغۇچى،
يامانۇ ياخشىنى ھەم تارقاتقۇچى.

تالانتلىق ئەدىب يۈسۈپ خـاس ھاجىپ جەمىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق ئىجتىمائى گۇرۇھلار ئۈستىدە توختىلىپ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن سۇغۇرۇلـغان پەندى ـ نەسىھەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن،جەمىيەتنىڭ باشقا مۇھىم ئىجـتىمائى مەسىلىلىرى ئـۈستىدە تارىخىي ۋە رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ۋەسىيەت ۋە نەسىھەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

بالا تەربىـيىلەش ئىشى ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردە تولىمۇ مۇھىم ۋە جاـ پالىق ئىش بولۇپ، مەيـلى شەخس ئـۈچۈن، مەيلى مەلۇم گۇرۇھ ياكى سىنىپ ئۈچۈن بولسۇن، ئىز بېسىپ ۋارىسلىق قىلىش ياكـى ئىزنى يوقىتىپ دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئۆـ چۈش (يوقىلىش) بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىگـە بېرىپ تاقىلىدۇ. بالا بولمىغان ئاتا ـ ئانا يوق، ئاتا ـ ئانا بولمايدىغان بـالا يوق، ئـاساسي جەھەتتىن"شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز بالىسىنى تەربىيىلەپ، ھەر جەھەتتىن ياخشى، يارامىلىق ئـادەم قىلىپ قاتارغا قوشۇش مۇساپىسى ناھايىتى ئۇزۇن، جاپالىق، مۇرەكـ كەپ بىر جـەريان بولـۇپ، بالىنى بېقىشتىن كۆرە تەربىيىلەش ئىشىـنى بىر مىنۇتمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

بالا ناھايىتى تاتلىق، چۈنكى، ئۇ تاتلىق مۇھەببەتنىڭ يۈرەكنى يېرىپ چىققان شىرىن مېۋىسى، ئەمما بـالا ياخشى تـەربىيىلەنمىسە، ئـۇنىڭدىن كېلىدىغان ئاقىۋەت چىدىغۇسىز ئاچچىق. چۈنكى، بالىدىن كەلگەن بـالانى ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانا كۆـ

تىردۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتا ـ ئانىلارغا پەرزەنتلىرىنى ئۆزمەيلىگە قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تەربىيىلەش لازىملىقى، بولمىسا ئاقىۋىتى ناھايىتى يامان بولىدىغانلىقى ھەققىدە دانالىق بىلەن يول كۆرسىتىپ:

كىمنىڭكى بولۇر ئەركى ئوغلى ـ قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا①،
ئوغۇلدا گۇنا يوق، ئاتاغا جاپا.

ئوغۇل ـ قىز خۇيى ـ پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

قىسىپ تۇتسا ئوغلىنى ئاتا ئۆگىتىپ،
ئوغۇل ـ قىز سۆيىنۇر چوڭايسا تولۇپ.

بالىلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئىلىم ـ بىلىملىك، پەزىلەتلىك ئىز باسار قىلىپ تەربىيىلەش ھەققىدە ئاتا ـ ئانىلارغا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت پەزىلەت، بىلىم،
پەزىلەتلە بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.

ئوغۇلنى قىنىپ تۇت ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كۈلمىسۇنلەر كىيىن كەلگۈچى.

ئالىمنىڭ بۇ پىكىر جەۋھەرلىرى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ رېيال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بولۇپمۇ، ھازىرقى كۈندە پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان مەنىۋى بۇلغىنىشلارنى تازىلاش ۋە ئالدىنى ئېلىش ياش ئۆسمۈرلەر تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش رېيال ئەھمىيەتكە ئىگە ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى بويىچە بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېيتقىنىدەك بالىلىرىمىزنى ئەخلاقلىق، بىلىملىك، پەزىلەتلىك، مۇلايىم قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم.

ئۇيۇلۇش، ئىزا تارتىش، ھېيىقىش، ئەيمىنىش، تارتىنىش، ھايا قىلىش ئىنسان-

① ياۋا — بەڭۋاش، ئەركە.

نىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، جىنسى، ئورنى، ياشىغان شارائىتىغا قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولىدىغان ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئادەم ھايۋاندىن تولۇق پەرقلەنمەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇياتلىق بىلەن ئۇياتسىزلىقنى سېلىشتۇرۇپ:

كىشىنىڭ سەر خىلى ئۇياتلىق كىشى،
ئۇياتلىق كىشىدۇر كىشىلەر بېشى.

ئۇياتلىق كىشىگە پۈتۈن ئىشنى بەر،
ئۇياتلىق جاھالەت ئىشىگىن ئېتەر.

ناچار ئىشتىن تۇسار ئۇيات ھەرمەھەل،
ئۇياتسىزلىق ئەرگە تېگى يوق كېسەل.

دېيىش ئارقىلىق ئۇياتلىق كىشىلەرنىڭ سەر خىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ئۇياتلىق بولۇشقا چاقىرسا،

ئۇياتسىز كىشىدۇر كىشى رەزىلى،
دۇرۇست سۆز سۆزلىمەس ئۇياتسىز تىلى.

بىرگۈشسىز سۆڭەكتۇر ئۇياتسىز يۈزى،
ئېتىلمەس تۆشۈكتۇر ئۇياتسىز كۆزى.

دېيىش ئارقىلىق ئۇياتسىزلىقنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى چۈۋۈپ تاشلاپ، ئۇياتسىز بولماسلىق ۋە ئۇياتسىزغا يېقىن يولىماسلىق ھەققىدە مۇنداق چىرايلىق نەسىھەت قىلىدۇ:

ئۇياتسىز كىشىدىن تېزىپ نېرى تۇر،
ئۇياتلىققا مەندىن مىڭ ئالقىش ياغۇر.

ئۇياتسىز كىشىدىن يىراق تۇر يىراق،
ئۇياتسىز كۆزىدە خۇنۇك بىر قاراق.

ئۇياتسىزلىق ۋە ھاياسىزلىقنى كۆپىنچە كەيىپ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەممەس بولغاندا، تەلۋە، ئاڭسىز بولۇپ، ئۇنىڭ ھايۋاندىن پەرقى بولمايدۇ. شۇڭا ئالىم ئىچىملىكنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

مەس ئۇلسا كىشى تەلۋە، ئاڭسىز بولۇر،
ئىشى تەلۋىنىڭ، كۆر، قاچان تۈز بولۇر؟

قىرىنغا كىرسە مەي، چىقارۇر سۆزۈڭ،
بۇ چىققان سۆزۈڭدىن كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.

هاراقتۇر بىلىم ۋە ئەقىل دۈشمىنى،
جىدەل ـ غەۋغا هاراقنىڭ ئىتىدۇر چىنى.

نە ياخشىلىغ ئىقبىللىق، بىلىملىك كىشى،
بىشىن مەيگە تىقسا، بۇزۇلغاي ئىشى.

شائىر هاراقنىڭ زىيىنىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغاندىن كېيىن، هايالىق، بىلىملىك ئادەملەرنىڭ هاراق ئىچىپ ئۆزىنى بۇزغانلىقىغا ئېچىنىپ مۇنداق دەيدۇ:

نە ياخشىلىغ هايالىق، ئۆز خۇلق، سىلىق،
مەي ئىچسە قىلۇر ئۇ پەسكەشلىك قىلىق.

كىشى ئاڭ، بىلىم، هۇش، ئۇياتنى ئىرىغ،
نىجىس بۇ هاراقا بىرۇر ۋا دەرىغ!

جەمىيەتتىكى ئادەملەر خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. خۇسۇسىيىتىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئىغىر ـ بىسىق، كەم سۆز، تەمكىن بولسا، بەزىلەرمەمەدانە، يالغانچى، يەڭگىل بولىدۇ. ۋالاقتەككۇر، مەمەدانە كىشىلەرنى خەلق ئانچە ياقتۇرمايدۇ. ئۇنداق كىشىلەر كۆپىنچە هاللاردا ئۆز ئاغزىدىن بالاغا قالىدۇ. چۈنكى، يۈسۈپ خاس هاجىپ ئېيتقاندەك:

ئىغىزدىن گاهى ئوت، گاهى سۇ چىقار،
تۈزەر بولسا بىرىسى، ئۇ بىرىسى بۇزار.

كۆيەر ئوتقا ئوخشار كىرەكسىز سۆزۈڭ،
ئىغىزدىن چىقارما كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.

«ئاز گەپ ئۆز گەپ، جىق گەپ مۇز گەپ» دەپ كونىلار ناهايىتى توغرا ئېيتقان. ئاز سۆزلەش كىرەككى، ئويلىنىپ ساز سۆزلەش كىرەك. بولمىسا، ئالىم ئېيتقاندەك، ئادەمنىڭ ئۆز تىلى ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ.

قىزىل تىل ـ قارا باشقا دۈشمەن يامان،
ئۈنىڭدىن ھەزەر قىل، ياشارسەن ئامان.

كۆپ ئاڭلاش ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق. چۈنكى، توغرىسىنى قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن نەرسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. خاتاسىغا ئىبرەت قىلىپ، تۈزەتكىلى بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاز سۆزلەش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

تولا سۆزلىمە سۆز تىلىڭنى گۆزەت،
تولا سۆزدە بولماس قەدىر ۋە قىممەت.

پۈتۈن سۆزنى سۆز دەپ سۆزلەۋەرمىگىن،
كېرەك سۆزنى ئويلاپ، ئورۇنلاپ دىگىن.

ئۆزۈڭنى گۆزەت يەك، ياخشى سۆزلىگىل،
سورالغاندا سۆزلە، يەنە قىسقا قىل.

كۆپ ئاڭلا بۇ سۆزنى، تولا سۆزلىمە،
بىلىم بىرلە سۆز تۈز، ئىشلىتىپ ئېقىل.

ئالىم يەنە ئاچكۆزلۈك، مال ـ دۇنياغا بېرىلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش قاـ تارلىق ئىنسان پەزىلىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان پەسكەش قىلىقلارنى غەزەپ بىلەن سۆـ كۆپ مۇنداق دەيدۇ:

گويا بىر تۇزلۇق سۇ بۇ دۇنيا مېلي،
كىشى قانماس ئىچىپ، نەم بولماس تىلى.

بۇلار تويمىغۇر ئول كۆزى ئاچ كىشى،
كۆزى ئاچقا يەتمەس بۇ دۇنيا ئىشى.

پۈتۈن ئاچ يىسە، ئىچسە ئاخىر تويار،
كۆزى ئاچ بۇ ئاچلىقنى ئۆلسە قويار.

تاماگەر قۇل ئېرور، گەر بولسىمۇ خان،
بولۇر پەس، تاماگەر كىشى ھەر قاچان.

خىيانەت ئاچكۆزلۈكنىڭ تەرەققى قىلىپ، ئەۋجىگە كۆتىرىلگىنى بولۇپ، خىياـ نەتچىنىڭ ئايىغى باسقان يەر، قولى تەككەن نەرسە خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك:

خىيانەت قەيەرگە گەر باسسا ئاياق،
قاچار پايدىلىق ئىش ھەممىسى يىراق.

خىيانەتچى نەگە قول سۇنسا ئەگەر،
دېڭىزمۇ سوغىلار، قۇرۇپ كېتەر يەر.

بولىدۇ. شۇڭا مەيلى بۇرۇنقى زاماندا بولسۇن ھازىر بولسۇن، ۋە ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، ئاچكۆزلۈك، خىيانەتكارلىق دۆلەت ۋە خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان سۈلۈك بولۇپ، نامى تىلغا ئېلىنسا تەن شۈركۈنۈپ، يۈرەك سەسكىنىدۇ.

مەن ـ مەنچىلىك شەخسىيەتچىلىكنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، ئاچكۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك بىلەن تومۇرداش. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈت ئانىسى شەخسىيەتچىلىك. ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەربىر قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە شەخسىيەتچىلىكنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆزىنىڭ تويماسلىقىدىن ياكى نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى يوقاتقان بولسا، يەنە بەزىلىرى مەن ـ مەنچىلىك بىلەن دائىم كىشىلەرنىڭ كۈلكىسى ئاستىدا قالىدۇ.

بەزىلەر ئۆزىنىڭ كىچىككىنە نەتىجىسى ياكى ئەمىلى ئۈچۈن، ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتىدۇ. ھەتتا ئاسمان تېگىدە بىرلا «مەن» دەپ قارايدۇ. ئۇلار كوچىغا چىقسا، گويا ھەممە ئادەم ئۆزىگە قاراپ «مۇبارەك بولسۇن» دەپ تەبرىكلەۋاتقاندەك، شامال چىقىپ دەرەخ لىڭشىسا، گويا ھەممە كائىنات زوۋانغا كىرىپ سۆزلەپ، ئېگىلىپ تازىم قىلىۋاتقاندەك ھىس قىلىدۇ ياكى شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز شىرىن چۈش كۆرىدۇ، ئۇلار مۇشۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن، ھەر قانداق ئىشتا «مەن»نىڭ بېلىگە مىنىۋېلىپ، ئۆزى يەتمەكچى بولغان نىشانغا قاراپ چاپىدۇ. مەنشۇنداق يولداشلارغا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا نەزمىدىن تەشكىل تاپقان ۋەسىيىتىنى تەقدىم قىلىمەن:

«مەنى»دىن تۆرەلگەن ئۆزلۈك «مەن» دىمە،
ئەگەر مەن دىسەڭ سەن، قىممىتىڭ شۇ، بىل.

ئۇلۇغ ئەدىپ ئۆز داستانىدا تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى توغرا يەكۈنلەپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىدىن تارتىپ تاكى كىچىك ئىجتىمائىي ئىشلارغا بېرىپ تاقىلىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئائىت رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇن قىممەتلىك ۋەسىيەت ۋە نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ مىراس كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇ يەنە ئىنسان ئۆز ھاياتىدا دۇچكەلمەي قالمايدىغان مۇھىم ھادىسە ئۆيلىنىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزەڭدىن تۆۋەن،
ئېسلما ئىگىزگە ئەسىر بولۇرسەن.

چىرايلىقنى دىمە، خۇلقى ئۈزنى دە،
كىخۇلقى ياخشى بولسا، يورۇتقاي سېنى.

گۈزەل خۇينى ئىستە، ئاختۇرما جامال،
خۇيى ياخشى بولسا، تاپار ئۇ كامال.

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خاراكتىر ئالاھىدىلىكلىرى، خۇي ـ پەيلى، جەمىيەتتىكى ئورنى ۋە ياشاش شارائىتلىرىغا قاراپ ھەر خىل ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا سىر دىشىپ دوست بولۇشىدۇ، ئەمما ھەقىقى دوستلۇق دەرىجىسىگە يېتىش ئوڭاي ئەمەس. ئۇلۇغ ئەدىپ يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك:

ئاداش تۇتما ئاسان، كۆزەتمەك قىيىن،
يېغى بولماق ئاسان، ياراشماق قىيىن.

ئالىمنىڭ دوست تۇتۇش توغرىسىدا ئېيتقان تۆۋەندىكى سەمىمى نەسىھەتلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق ۋە ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، ئىجتىمائى ھاياتتا بۈگۈنكىچە ئەمەل قىلىش ناھايىتى زور پايدىلىق.

قېتىلما ئىككى خىل ئەرگە، يىراق تۇر،
قېتىلساڭ كۆر ئەمدى، چاتاق چىقارۇر.

بىرىدۇر چېقىمچى، پىتنە ـ پاساتچى،
بىرى ئىككى يۈزلۈك، شەخسىيەتچى.

يەنە سەن تۇتمىغىن مەيخورنى ئاداش،
ۋاپاسىز بولۇر ئۇ، قىلۇر دىلنى غەش.

كىشىلەرنى چاقما، قۇرۇق سۆزلىمە،
گىنە ساقلىما ھەم ئۇششاق سۆزدىمە.

يۇقۇرىدىكىلەر «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى خالاس. ئەمما مۇشۇ كىچىك تامچە ئارقىلىق پۈتۈن داستاننىڭ تارىخى ۋە رىيال ئەھمىيىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

# «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى ئېتنوگرافىيىگە ئائىت مەسىلە

ئابدۇكېرىم راخمان

ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ يېتۈك نەمۇنىسى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ قىممەتلىك يادىكارى بولغان «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانى ئازغىنە كەم مىڭ يىلدىن بۇيانقى ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي «توپان بالالىرى»دىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، سوتسىيالىستىك «4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش» باھارى چېچەكلەۋاتقان بۇ خاسىيەتلىك كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھەقدارلىرى تىلىدا كۆركەم ئىشلىنىپ، بۈۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەجداتلىرىنى چەكسىز خوشاللىققا چۆمدۈردى.

«قۇتادغۇ بىلىگ»نى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ھەر قانداق بىر كىتابخان بۇ ئەسەرنىڭ چوڭقۇر رېئالىزىم روھى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقى، بەدىئىي غايىلىرىنىڭ يۈكسەكلىكى (يۈكسەك رومانتىك ئامىللارغا ئىگە بولغانلىقى) تېماتىك مەزمۇنىنىڭ نىھايەت كەڭلىكى بىلەن كىلاسسىك بەدىئىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بولۇپمۇ، 11 - ئەسىر جاھالەتلىك فېئودال مونارخىزىم شارائىتىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ ئەسەرنى دۇنياۋى بەدىئىي ئەدەبىيات ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان يېگانە يۇلتۇز، شەرق كىلاسسىك ئەدەبىيات غەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر دېيىلسە زادى ئارتۇق كەتمەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىگ» سان - ساناقسىز تۈرلۈك رەڭدىكى قىممەتلىك جاۋاھىرات بىلەن تولغان بىر غەزىنىدۇركى، بۇ غەزىنە تاماشىچىلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆزى ياقتۇرغان جاۋاھىرات بىلەن ھەميانلىرىنى تولدۇرۇپ چىقىپ ئوتتۇرىدا كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە سازاۋەر. بۇمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قىممەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرسى. قىسقىسى، „«قۇتادغۇبىلىگ» — نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كىشىنى زاھىرى ۋە مەنىۋى كامالەتكە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئەڭ بۈيۈك قامۇستۇر①“.

① ئە. زىيائى: «تارىخىي مىراس — «قۇتادغۇبىلىگ» توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 - يىل 6 - سان، 63 - بەت.

بىز بۇ ماقالىمىزدا «قۇتادغۇبىلىگ» شۇناسلار تەرىپىدىن تېخى ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان كىچىگرەك بىر تېمىسىنى كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز. ئۇ بولسىمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى ئېتنوگرافىيىگە ئائىت بەزى پىكىرلەردىن ئىبارەت.

× × ×

«قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدىكى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت پىكىرلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېتنوگرافىيىنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە شەرھىلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئېتنوگرافىيە (民俗学) نى خەلقارا ئومۇم نام بىلەن فولكلور (folklore) دەپ ئاتايدۇ. بۇ نامنى ئالدى بىلەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ تومسۇن (W·J· Thoms) 1846 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. فولكلور ئىنگلىزچە «folk» — (خەلق) ۋە «lore» — (پەم - پاراسەت، دانىشمەنلىك) دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «خەلق ئېقىل - پاراستى»، «خەلق دانىشمەنلىكى» دېمەكتۇر.

فولكلور كەڭ مەنىدە ئۇنىۋېرسال (سىنكىرېتىك) سەنئەت بولۇپ، ئۇ ئىككى تەرەپلىمە مەناغا ئىگە. بىرى، ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا ئەنئەنىۋى يوسۇندا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېتنىك ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقات ھەمدە خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى يۇقۇرقىلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي نەزىرىيە — ئېتنوگرافىيە ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ.

تومسۇندىن بۇرۇن ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى بىر قەدەر تار بولۇپ، پەقەت خەلق ئارىسىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە مۇراسىملارنى سۆزلەش بىلەنلا چەكلىنەتتى. كېيىنچە، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. يالغۇز ئۆرپ - ئادەت، مۇراسىملارغىلا ئەمەس، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگىمۇ دىققەت قىلىنىدىغان بولدى. بۇ تەرەققىيات ئاستا - ئاستا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى بىلەن ئېتنوگرافىيىنىڭ ئايرىم - ئايرىم پەن بولۇپ، شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. لېكىن ھەر ئىككىسى يەنىلا خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ مۆۋىسى بولۇپ، كوللېكتىپچانلىق، ئاغزاكىلىق، ئۆزگىرىشچانلىق ۋە ئەنئەنىۋىلىك (ۋارىسچانلىق)تىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئالاھىدىلىكلەر ھەر ئىككىسىگە ئورتاقتۇر. ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى ئاساسەن، مەزمۇن دائىرىسىدىكى شەكلەنلىككە ئىگە بولغان ئامىللارنى يېقىندىن ئىزاققا قاراپ يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئاساسلىرىنى ئېتنىك جەھەتتىن ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بىز بۇ ماقالىمىزدا «قۇتادغۇبىلىگ» شۇناسلار تەرىپىدىن تېخى ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان كىچىگىرەك بىر تېمىسىنى كىتاپخانلارنىڭ سەممىگە سېلىپ ئۆتۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز. ئۇ بولسىمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىدىكى ئېتنوگرافىيىگە ئائىت بەزى پىكىرلەردىن ئىبارەت.

× × ×

«قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدىكى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت پىكىرلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېتنوگرافىيىنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە شەرھىلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئېتنوگرافىيە (民俗学) نى خەلقارا ئومۇم نام بىلەن فولكلور (folklore) دەپ ئاتايدۇ. بۇ نامنى ئالدى بىلەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئارخېولوگ تومسۇن (W·J· Thoms) 1846 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. فولكلور ئېنگلىزچە «folk» - (خەلق) ۋە "lore" — (پەم - پاراسەت، دانىشمەنلىك) دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «خەلق ئېقىل - پاراستى»، «خەلق دانىشمەنلىگى» دىمەكتۇر.

فولكلور كەڭ مەنىدە ئۇنىۋېرسال (سىنكىرېتىك) سەنئەت بولۇپ، ئۇ ئىككى تەرەپلىمە مەناغا ئىگە. بىرى، ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا ئەنئەنىۋى يوسۇندا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېتنىك ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقات ھەمدە خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى يۇقۇرقىلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمي نەزىرىيە — ئېتنوگرافىيە ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ.

تومسۇندىن بۇرۇن ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى بىر قەدەر تار بولۇپ، پەقەت خەلق ئارىسىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە مۇراسىملارنى سۆزلەش بىلەنلا چەكلىنەتتى. كېيىنچە، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. يالغۇز ئۆرپ - ئادەت، مۇراسىملارغىلا ئەمەس، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ماددى ۋە مەنىۋى مەدىنىيەت پائالىيەتلىرىگىمۇ دىققەت قىلىنىدىغان بولدى. بۇ تەرەققىيات ئاستا - ئاستا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى بىلەن ئېتنوگرافىيىنىڭ ئايرىم - ئايرىم پەن بولۇپ، شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. لېكىن ھەر ئىككىسى يەنىلا خەلق دانىشمەنلىگىنىڭ مۇۋىسى بولۇپ، كوللىكتىپچانلىق، ئاغزاكىلىق، ئۆزگىرىشچانلىق ۋە ئەنئەنىۋىلىك (ۋارىسچانلىق)تىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئالاھىدىلىكلەر ھەر ئىككىسىگە ئورتاقتۇر. ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى ئاساسەن، مەزمۇن دائىرىسىدىكى شەكلەنلىككە ئىگە بولغان ئامىللارنى يېقىندىن يىراققا قاراپ يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققى قىلىش ئاساسلىرىنى ئېتنىك جەھەتتىن ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، مىللىي ئالاھىدىلىك دېيىلگەندە، ئۇ پەقەت بەلگىلىك بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئۆزىگە خاس ئامىللارنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان خېلى كۆپ مەزمۇنلار زامان، ماكان ۋە شارائىت ئېتىۋارى بىلەن كۆپ جەھەتلەردە خەلقارا ئومۇملىققا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى، ئىنسانلار ئەسلى كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بىردەك ئېتنىك مەنبەگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. بۇ خۇددى ئېنگېلسنىڭ: «بىز تارىخنى قانچىلىك چوڭقۇرراق ئىچكىرىگە قاراپ تەكشۈرسەك — كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچىلىك كۆپ يوقىلىپ بېرىشىنى كۆرىمىز①» — دەپ كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش.

كېيىنچە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىدىيىۋى ئېتىقاتلىرىدا بەلگىلىك ئورتاقلىقتىن تاشقىرى، مۇئەييەن ئايرىملىق، خاسلىق بارلىققا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىللىي مەدەنىيەت شەكىللەندى. ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيەت نەمۇنىلىرى، مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ئىدىيىۋى ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادەت مۇراسىملىرى شۇ خەلقلەرنىڭ كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىدا قايتا ئەكس ئېتىلىپ، بىر پۈتۈنلۈككە ۋە ئورگىناللىققا ئىگە بولدى، بۇ جەھەتتە، «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى بىزنى باي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

× × ×

ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇداغلىق ئەسىرىنى فولكلوردىن ئىبارەت خەلقنىڭ بۇ سىراپ چەشمىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ يازغانلىقىنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق سەھىپىسىدە روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن پۇختىدۇر. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك مەزمۇندىكى قوشاقلار، ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك ماقال - تەمسىللەر بۇنىڭغا روشەن دەلىل بولالايدۇ. ئەسەر مۇئەللىپى قانداق ماۋزۇدىن بەھس ئاچسا، ئۆزىنىڭ بۇ قىسىمدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنىڭ دەلىل - ئىسپاتى ئۈچۈن شۇ تېمىغا ماس كەلگەن خەلق ئارىسىدىكى ھېكمەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ماقال - تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى تاللاپ ئېلىپ، ئۆز پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ۋە جانلىقلىققا ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا «ئىرسال ئۇلمەسەل» (سۆزلەرنى مەسەل بىلەن كۈچلەندۈرۈش) سەنئىتىگە ئەمەل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماھىرلىق بىلەن دەل جايىدا

① «ئۆزبېك تارىخى» تاشكەنت، 1976 - يىل نەشرى، 1 - بەت.

ئىشلىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق ئافورىزىملاردىن پايدىلىنىشتا «دانا نىمە دەيدۇ، ئىشىت»، «ھەركىملەر ئېيتىدۇ»، «تۈركچە مەسەل بۇنى ماس كېلىدۇ» دىگەنگە ئوخشاش ئىشارە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى شۇ ماقال ۋە ھىكمەتلەرگە تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھىچقانداق ئۆزگىرىشسىز ئەينەن قوللانسا، يەنە بىر قىسمىنى ئىجادىي ئىشلەپ، شېئىرىي ئۇسلۇبقا ماسلاشتۇرغان ھالدا مەنىلەرنى ئوبرازلىق بايان قىلىدۇ.

مەسلەن:

110 تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر،
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر.

154 ئېقىل قايدا بولسا، ئۇلۇقلۇق تاپۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

274 ئېقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

320 ئەقىلغا ئۆز ئەقلى ئەشلىككە①يارار،
نادانغا ئېتى بەس، قاغىش ياغدۇرار.

881 ئەگەر كىرسە ئاق سۈت بىلەن ياخشى خۇلۇق،
ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۆزگەرمەس قىلىق.

1046 ئەجەپ ياخشى ئېيتمىش دانا - بىلگۈچى،
«تەل بولغاندا نىمەت يوقار يىگۈچى».

4548 ئۆي ئالماق تىلىسەڭ، خوشنىسىغا قارا،
يەر ئالماق تىلىسەڭ سۈيىنى ئارا.

ئومۇمەن، «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىدە «ئىرسالۇلمەسەل» ئۇسۇلى بىلەن كەلتۈرۈلگەن مۇنداق مىساللار بىرىيەزسەكسەنگە يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئازىراق ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ئەمەلدە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «تۈركى تىللار دىۋانى»دا مىسال كەلتۈرۈلگەن «مەرسىيە» ۋە بەزى ماقاللارمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىدىمۇ ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

① ئەشلىك — يولداشلىق، ھەمرالىق.

مەسىلەن:

«دىۋان»دا:

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز ئاۋۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

«قۇتادغۇ بىلىگ»دە:

بۇ تۈرك بەگلىرىدە ئاتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالىپ ئەردى قۇتى بەلگۈلۈك.

«دىۋان»دا:

ئەردەم تىلە ئۆرگەنىسەن بولما كۆۋەز،
ئەردەمسىزىن ئۆكۈنسە ئەگمە گۈدە ئەڭەر.

يەشمىسى:

ئىلىم ـ ھىكمەت ئىزدە، ئۈگىنىشتە مەغرۇرلانما،
نادان كىشى ماختانسا، سىناق ۋاقتىدا مات بولۇپ قالىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىگ»تە:

ئۇقۇشلۇق ئوقار ئول بىلىگلىگ بىلىر،
بىلگىلى، ئوقۇغىلى تىلەككە تەگىر.

«دىۋان»دا ئۇچرايدىغان «ئەردەم باشى تىل» «ئەدەپنىڭ بېشى تىلدۇر) شەكـ لىدە ئۇچرايدىغان ھىكمەتلىك سۆزلەر «قۇتادغۇ بىلىگ» تىمۇ مـەخسۇس بـىر بـاپقا سەرلەۋھە قىلىپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ماۋزۇ تىل ھەققىدىكى تۆۋەندىكى پىكىر بىلەن باشلىنىدۇ:

162 ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل ـ كىشىنى يورۇتقۇچى بىل.

بىلىم ئارقىلىق ئەقىل ـ ئىدرەككە ئىگە بولۇپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش، مەرـ پەت ئارقىلىق مەۋجۇت ئىجتىمائى قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ، پاراۋان ۋە بەختىيار غايىۋى

جەمىيەت بەرپا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ، مۇقەررەر ھالدا بىلىش تارىخىنىڭ بىر قىزىل يىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نەمۇنىسى «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ مەزمۇنىغا تۇتاشتۇرۇلدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاشۇ كۈنگىچە مەلۇم بولغان ئىلىم - ئەردەم ھەققىدىكى ھېكمەتلەر «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا يارىتىلغان بارلىق بەدىئىي ئوبرازلاردا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. گەرچە، ئەسەر مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ فېودال سىنىپ مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ پىكىر يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، دۆلەتنى باشقۇرۇشتا توغرىلىق، ئادالەت، ئىنساپ، دىيانەت، ئەل - يۇرتقا كۆيۈنۈشتەك مۇھىم تېمىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدۇ. شائىرنى ئەنە شۇنداق ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرگە ئۈندىگەن تۈرتكىلىك كۈچ مۇقەررەركى، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدا يارىتىلغان يۇقۇرقىدەك كىشىلىك ھاياتىنىڭ مېغىزى ھېساپلانغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھېكمەتلەر ۋە ماقال - تەمسىللەردىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، سىنىپىي جەمىيەتتە، پادىشا، خان، سۇلتانلارنى ئادالەتكە چاقىرىش، ئادالەتلىك، ئىنساپلىق ھۆكۈمدارلارنى ئارزۇ قىلىش كەڭ خەلقلەرنىڭ ئۈمىدى ۋە غايىسى بولۇپ كەلدى. بۇ غايە ئالدى بىلەن خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيىتىنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدا ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. خەلق داستانلىرىنى ئالساق، ئۇ ئۆزىنىڭ غايىۋى دىئى قىممىتىنى، تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تۈرلۈك يىرتقۇچ ۋە ئۆي ھايۋانلىرى ھەمدە ئۇچار قاناتلارغا خاس بولغان سۈپەتلەرنى قەھرىمانلارغا كۆچۈرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز ئەسىرىدە خەلق ئېغىز ئىجادىغا خاس بولغان مۇنداق مەجازى ۋاستىدىن ئىنتايىن كەڭ پايدىلانغان. ئۇ، قوي، قوزا، سەركە، تاكا، كىيىك، بۆرى، ئارسلان، قاپلان، تۇڭگۇز، ئېيىق، قوتاز، تۆگە، قوزغۇن، شۇڭقارغا ئوخشاش ھايۋان - قۇشلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆز قەھرىمانلىرىغا كۆچۈرۈپ سىمۋوللايدۇ. ساباشى (لەشكەر بېشى) لەردىن يولۋاستەك، قاپلاندەك ئىرادىلىك، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك ھەمدەم، قوتازدەك ئۆچمەن، تۈلكىدەك ھىلىگەر، نار تۆگىدەك قىساسكار، سېغىزخاندەك ھۇشيار، قوزغۇندەك ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرى كۈن تۇغدى، ئاي تولدى، ئۆگدۈلمىش، ئوزغۇرمىشلارنىڭ ناملىرى، شۇ ناملارنىڭ تەركىبىنى تەشكىل قىلغان ئېلېمېنتلار ۋە ئۇلاردىكى ئاساسىي سۈپەتلەر جەھەتىنى ئالغاندىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز قەھرىمانلىرىغا نام بېرىشتە، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يولىدىن ماڭغانلىقى، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيەت تىرادىتسىيىسىگە سۆيۈنگەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي غايىسى، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ئادالەت، مەرىپەت، ئەخلاق، ئىنى-

ساپ، راستلىق، توغرىلىق، ھەقىقەت، ساداقەت، تېچلىق، ئاسايىشلىق، پاراۋانلىق، قەھرىمانلىق، شجائەت، شەپقەت، ئاقىۋەت قاتارلىق تېمىلار ھەم «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ خەلق داستانلىرى بىلەن ئاھاڭداشلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى نەمۇنىلىرىدىن ئۇرۇنلۇق ۋە ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ غايىۋى - بەدىئى قىممىتىنى، ھاياتىي ئەھمىيىتىنى ۋە خەلقچىللىقىنى ئاشۇرغان.

× × ×

بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەپەككۇر دۇنياسى شۇنچىلىك كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغانكى، ئىنسان ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جىمىكى تەرەپلەر ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن چەتتە قالمىغان. «قۇتادغۇ بىلىگ» ئىچىدە ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادىتىگە ئائىت 60 قا يېقىن بېيىت بولۇپ، شائىر بۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەپ - ئەخلاقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى بەدىئى ئۇسۇلدا ئىزاھلايدۇ.

مەلۇمكى، ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتى ۋە قائىدە - يوسۇنى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە دىنىي ئەقىدىچىلىكنىڭ مۇئەييەن شارائىتتىكى ئىنكاسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىگىنى يادرو قىلغان كىشىلىك ئەخلاقىي قارىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى ئىشەنچىسىدە ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا - قويۇقلا «خۇراپاتلىق»، «دىنىي پائالىيەت» دەپ قاراپ ئىنكار قىلىۋېتىش تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىر مىللەت تۇرمۇشىدا شەكىللەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەتقىق قىلىش شۇ مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىگىنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىسى ئېنىقكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى يېزىشتا، نوقۇل ھالدا ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس. لېكىن ئۇ ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى خۇلق - سۈپەتلەرنى شەرھىلىگەندە، ئۇنى تەبىئىي ھالدا شۇ خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە بەزى مۇراسىملار ئىچىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ:

1725 كىشىگە قەدىرلىك بۇ ئالتۇن - كۈمۈش،
كۈمۈشتىن ئېزىز ئەرگە ئۆزىنى تۇتۇش.

ئاپتور نەزىرىدە، يۇقۇرقى بېيىتتا قەيت قىلىنغاندەك، ئەدەپ - ئەخلاقنى دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدىنمۇ ئۈستۈن قويىدۇ. شۇڭا بۇ ئاكتىيوئال تېمىنى تۇرمۇش-

نىڭ خىلمۇ - خىل كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە سۈرەتلەپ، ئۆز ئۇرپا قلىرىنى ئەنئەنىۋى روھ بىلەن تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنى 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كېلىپ، 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقىلىپ، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسات، مەدىنىيەت ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتلىرىدە غەيرى دىندىكى رايونلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاسلىق شەكىللەندى. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلار 10 - ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېتىقادىدىكى ئۆزگىرىش، شۇ خەلقلەرنىڭ مەدىنىيەت ۋە ئىدىئولوگىيىسىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىپ، ئىسلام ئۆرپ - ئادەتلىرى خەلقىمىزنىڭ كوللىكتىپ ۋە يەككە پائالىيەتلىرىدە يېتەكچى ئورۇنغا كۆتىرىلدى. ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر مۇقەررەر ھالدا شۇ خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىدە ئەكس ئەتمەي قالمىدى. بۇ يالغۇزدىن تەرغىباتچىلىرى تەرىپىدىن نۇقۇل دىن تەشۋىقاتى ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىجات قىلغان دىني مىستىك ئەدەبىياتتىن تاشقىرى، يەنە ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دىداكتىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان دۇنياۋى ئەدەبىياتتىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتى. ئىسلام دىنى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن تۇنجى يىرىك بەدىئى داستان — «قۇتادغۇ بىلىگ»مۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائى، بەدىئى غايىلىرىنى ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى رامكىسى ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا زىكرى قىلىنغان ئېتىقات ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى يەنە شۇ ئىسلام دىنى قاراشلىرى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

شائىر ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ خاس ھاجىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن تابىلىق مۇناسىۋەت نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىدا، ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغلىرى (چوڭلىرى) ئالدىدا كىچىكلەرنىڭ قانداق ئەدەپ ساقلاش لازىملىقى ھەققىدە ئۈگۈتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

4052 تۈزەپ خۇلقى - ھەركىتىنىڭ ئۆزەڭنى كۈزەت،
كۆڭۈل، تىلنى رۇس تۇت ۋە قىسقارت سۆزۈڭ.

4056 قولۇڭنى قوۋۇشتۇر، پۇتۇڭنى تۈزۈپ،
بۇ سول قول ئۆزە ئوڭ قولۇڭنى قويۇپ.

4057 ئىشكىتىن كىرۇردە كىر ئوڭ پۇت بىلەن،
ئەمىر قىلسا ئاڭلا، پاراسەت بىلەن.

4058 ئۆتۈنچىلىك قىلاردا تۆۋەن تاشلا قول،
ئىككى تىز بىلەن چۆك، سىلىق، يۇمشاق ئول.

4059 چەپ - ئوڭ ياققا ئۇندا قىيا باقمىغىن،
ئۆزەڭ ئەيمىنىپ تۇر، سۆزىن ئاڭلىغىن.

4108 ئۇششاق سۆز قىلما سەن، كىشىنى چېقىپ،
دۇرۇست سۆزلە، تۇرما بارىنى يېپىپ.

4113 تۆكۈرمە، گېلىڭنى قاقىرتما قاتتىق،
نادانلىق بولۇر ئۇ، يوقا تۇرتا تىق.

يۇقۇرقى بېيىتلاردا ئومۇمەن بىرەر ئېھتىياج بىلەن ئۇلۇغلار ئالدىغا بارغانىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇش ۋە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىغى ئەدەپ - ئەخلاق مىزانى بويىچە ئۆگۈتلەنگەن. شائىرنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنى پۇقرالارنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئالدىدا «ئىككى تىز بىلەن چۆكۈپ» تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قۇللىرىدىن بولۇشقا دالالەت قىلىش بولماستىن، بەلكى ئىسلام ئەخلاقى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بارلىق كىشىلەرنى ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق ئەدەپ ساقلاش ھەمدە ئۇششاق سۆز قىلىپ باشقىلارنى چاقىدىغان پىتنىخور چېقىمچىلارغا تەنبىھ بېرىش، شاھ ئالدىدىمۇ راست سۆزلەيدىغان ھەقىقەتچىلەردىن بولۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت. شۇڭا، بۇنىمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت دەپ قارىغانىدا، ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا ئەدەپ - ئەخلاق ۋە تەلىم - تەربىيە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مېھماندوست خەلق. ئۆز ئارا مېھمان چاقىرىش، ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلارنى مەيلى تونىسۇن، ياكى تونىمىسۇن ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىش ئۇلارنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت ھېساپلىنىدۇ. بۇ پىكرىمىزنى «تۈركى تىللار دىۋانى» ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك قوشاقلار ۋەھىكمەتلىك ئىبارىلەر تەستىقلايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدىمۇ ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىدىكى بەزى مۇراسىملار (تۆي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم...) نىڭ ئادەت شەكىللىرىنى تىلغا ئالغاندىن باشقا، يەنە مۇھىمى، مېھماندارچىلىقنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلىشنىڭ كونكرېت قائىدە - يوسۇنلىرى بىر قەدەر ئوبيېكتىپ ھالدا بايان قىلىنغان:

4574 چاقىرغان كىشىنىڭ كۆپتۇر خىللىرى،
بولۇر خىلمۇ - خىل ھەم زىياپەت تۈرى.

4575 ئۇلاردىن بىرىكىم نىكاھ تويى ئول،
ياسۇننەت تويى يا تۇغۇلسا ئوغۇل.

4576 ياتەگتۇش قىچارغاي ياقولداش ئاداش،
كىچىك ـ چوڭ، يېقىنلار ۋە ياكى قاياش.

4577 يائۆلگەن كىشىگە نەزىر ئاتماق،
يائۆسكەچ مەرتىۋە، ياتقا ئاش تارتماق.

4579 ئاداش، قولداش، قاياش، دوستلار ئىشىنى،
يىمەك لازىم، بېرىپ كۆرگەچ ئەشىنى.

4581 يېقىن خوشنا ساڭا بەرسە زىياپەت،
ۋە ياتەگلىك دوست گەر قىلسا دەۋەت.

4582 ئۇلارغا بېرىپ سەن، سەن ئالغىن كۆڭۇل،
سۆيۈندۈر ئۇلارنى، سۆيۈن ئى ئوغۇل.

شائىر يەنە مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى ۋە مېھمانلارنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نىزاملىرىنى سۆرەتلەپ، بۇ توغرىدا تۆۋەندىكى بېيىتلارنى ھەدىيە قىلىدۇ:

4607 پۈتۈن نەرسىنىڭ تەرتىپ يوسۇنى بار،
يوسۇنلۇق بولسا ئەر يۈزى نۇرلىنار.

4594 قايۇ تۆرلۈك ئاشقا بارار ئىكەنسەن،
يىگىن ئاندا ئاشنى ئەدەپ بىلەن سەن.

4595 سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا قولىن،
يوسۇن شۇكى، قولۇڭنى ئۇزاتقىن كېيىن.

4497 سۇنۇلغاي بىسمىللا بىلەن ئوڭ قولۇڭ،
بولۇپ بەركەت يىمەكتە، بېيىسەن ئۆزۈڭ.

4598 كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالمىغىن،
نىمە بولسا ئالدىڭدا شۇنى يىگىن.

4599 پىچاقنى چىقارما، غاجىما سۆڭەك،
بولۇپ كەتمە چاپقاق، تۈزۈت قىلما بەك.

4601 يېمەكلەرنى چىشلەپ ئۇششاق چاينىغىل،
قىزىق ئاشنى ئاغزىڭدا پۈدىمىگىل.

4607 غىزانى زەۋق بىلەن يېگىن قول سۇنۇپ،
كۆرۈپ ئۆي خانىمى سۆيۈنسۇن تۇرۇپ.

4610 كىشى كۆڭلى نازۇك گويا شىشەدۇر،
كۈزەت بەك قوپال سۆز قىلما ئۇسۇنۇر.

4644 قىچىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچىر ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى.

4645 سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك ئىچمىكىڭنى ئوبدان خىللىغىن.

4646 غىزانى ياسا پاك، تاتلىق قىلىپ،
يېسۇن زەۋق بىلەن قولنى سېلىپ.

4652 دىققەت قىل، يېتىشسۇن تاماق ھەممىگە،
يەنە تارت غىزانى كېچىككەنلىگە.

4556 تىلىسە فۇقا① بەر، تىلىسە مىزاپ،
ھەسەل - گۈل شاراپ بەر، تىلىسە جۇلاپ.

غىزادىن كېيىن تارت شىرنىلىك يېمىش،
قۇرۇق - ھۆل يېمىش قوي ۋە ئازراق سىمىش.

ئۇيغۇرلار ھەر قانداق شارائىتتا ئەدەپ - ئەخلاق ۋە قائىدە - يوسۇننى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈز - قوللارنى يۇيۇشتىن تارتىپ تاماق تارتىش ۋە يېيىشكىچە، ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا قىلىشىدىغان سالام - سائەتتىن تارتىپ ھەمسۆھبەت بولۇشقىچە، يۈرۈش تۇرۇشتىن تارتىپ بىرونىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇشقىچە ... دىگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ مىللى ئادەت قارىشى بويىچە تۈزۈلگەن قائىدە - يوسۇنلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش - قىلماسلىق شۇ كىشىنىڭ پەزىلىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلگەندە، خوش پېئىللىق بىلەن تۆر ئۆيگە باشلاش، چاي تارتىشتىن بۇ-

① فۇقا — شارابنىڭ بىر خىلى.

رۇن ئۆي ئىگىسى پاكىز تازىلانغان ئاپتۇۋا - چىلاپچا (ياكى داس - چۆگۈن) تەييارلاپ، سول قولىدا چىلاپچا، ئوڭ قولىدا ئاپتۇۋىنى كۆتىرىپ، مېھماننىڭ قولىغا ئەدەپ بىلەن ئۈچ مەرتىۋە سۇ قۇيۇش ۋە قولىنى سۈرتۈشكە پاكىز لۆڭگە بېرىش، ئارقىدىن، سىن چاي قۇيغاندا، چەينەكنى ئىگىز كۆتىرىپ، شاقىراتما سۇيىدەك كۆكىرىتىپ قۇيماستىن، پىيالىنىڭ لىۋىنى سۈيدۈرۈپ كۆۋۈك ھاسىل قىلمايدىغان دەرىجىدە قۇيۇش، مېھمان ئۈچۈن تەييارلانغان تاماقلارنى ئۆز رەتى بويىچە داستىخانغا تارتىش، مېھمانلارمۇ ئالدىغا قويۇلغان تاماقنى خۇددى بوۋىمىز يۈسۈپ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئەدەپ بىلەن يېيىش، جامائەت سورۇنلىرىدا گالنى قاقىرىتىپ تۈكۈرمەسلىك، مىشقىرماسلىق، ئارقا - ئارقىدىن كېكىرمەسلىك، خالىغانچە ئەسنىمەسلىك، ياغلىق بىلەن ئېغىزنى توساپ چۈشكۈرۈش، تاماق يېگەندە، شالاپشىتىپ ئاۋاز چىقارماسلىق، تاماقنى بولۇشىچە ئېغىزغا قاپلاپ ئېلىپ مالاچلىتىپ چاينىماسلىق، ساھىپخانغا ئورۇنسىز تەلەپ قويماسلىق... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نورمال ئەخلاق مىزانلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئەشۇ ئادەتكە كۆندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «مەشرەپ كۆرمىگەن ئوغۇل ئادەم بولالمايدۇ» دېگەن تەمسىلمۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلاردا قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇشقا قانچىلىك ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى. كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان مۇنداق مىللى ئۆرپ - ئادەتلەرگە گەرچە، تەبىئى ۋە ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بەزىلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تارىيىشى ياكى كېڭىيىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇ ھامان ئەنئەنىۋىلىك ۋە ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئادەتلەرنى ئېتنوگرافىيە جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلغاندا، ئۇ يالغۇز ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئومۇم كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ (ئەلۋەتتە، ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مىللى ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا).

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مېھمانغا چاقىرىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى ۋە ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەقسىدى بار ئىكەنلىكى، شۇ سەۋەپتىن، چاقىرىلغۇچى كىشى قايسىسىغا بارماسلىقنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، بېرىشقا تېگىشلىكلىرىگە چوقۇم بېرىش، بارمىسىمۇ بولىدىغانلىرىغا بارماسلىق توغرىسىدا ياخشى مەسلىھەتلەر بېرىدۇ.

4583 ئەگەر خاس زىياپەت ئاتاركەن ساڭا،
يەپ ئاشنى خوشال قىل، بېرىپ سەن ئاڭا.

4584 بۇلاردىن تاشقىرى بولسا زىياپەت،
بارماسلىق تۈزۈكرەك، دىل چەكمىگەي دەرت.

4585 كى ئۇندا يېرىم - ياتا بولۇپ ئولتۇرۇق،
دىلىڭ رەنجىپ قالۇر، ئەي ئىسىل ئورۇق.

4586 يا مەسلەر تۇتىشىپ جىدەل باشلىغاي،
ئىشىڭ سىڭمىگەي هەم دىلىڭ ئاغرىناي.

4587 دىمەك بىر تويۇم ئاش ۋە ئىچكۈنى دەپ،
بېرىپ خار ئەيلىمە ئۆزۈڭنى كۈچەپ.

بۇ پىكىرلەر گەرچە مۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەمىلىي ئەھۋاللارنىڭ ئىنـ
كاسى بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە بەلگىلىك رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە.
شائىرنىڭ ئۇيغۇر ئېتنوگىرافىيىسى بـابىدا يازغان يـۇقۇرقى بايانلىرى بىلەن
بىرگە، يەنە ئىسلامىيەت قاراشلىرى بويىچە ئايالالار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى هەقـ
قىدىكى بېيىتلارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ:

4517 ئايال - ئەر بولمىسۇن هەرگىز هەمداستىخان،
ئەگەردە قوشۇلسا بۇزۇلغاي مىزان.

4518 خوتۇننى قويمىغىل سىرتقا چىققىلى،
يوقاتقاي چىقسا گەر دۇرۇستلۇق يولى.

4524 ئېزىز كۆر خوتۇننى، نىمە دىسە بەر،
ئۆيۈڭ ئىشىگىن ئەت، يولاتمىغىن ئەر.

دەرۋەقە، تاكى ئازاتلىققىچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائى ئورنى هامان ئەرـ
لەردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇراتتى. بۇنىڭ ئەلۋەتتە، بىر خىل ئىجتىمائى سەۋەپلىرى
بار: بىر تەرەپتىن ئالغاندا، فېوداللىق ئەرلەر هۆكۈمرانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ بەزى
شەرىئەتلىرىنى ئۆزىگە مەنىۋى تۈۋرۈك قىلىپ، ئاياللارنى فېودال هۆكۈمرانلارنىڭ تۆـ
مۈر قامچىسى ئاستىغا تاشلاپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە ئاـ
دەت كۈچى تۈپەيلىدىن، ئاياللار ئەرلەرنىڭ قولىدىكى ئەركىن تىۋارغا ئايلىنىپ، بۇـ
نىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلىك ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قـالدۇرۇلغان ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ
ئابرويلۇق ئىسلام ئەربابى بولغان يۈسۈپ خاس هاجىپ، ئەلۋەتتە، ئاياللار هەققىدىكى
مۇنداق ئىدىيالىستىك قاراشلارنىڭ تـەسىرىگە يولۇقماسلىقى مـۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇ سەۋەپتىن، 4517 ــ ، 4518 ــ بېيىتلىرىدائەنە شۇ ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى تەرىقىسىدە تىلغا ئالغان. لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، شائىرنىڭ قارىشىدا، گەرچە«مېھماندارچىلىقتا ئەر ــ ئاياللار ھەمداستىخان بولماسلىق، خوتۇنلارنىڭ كوچا ــ كويلارغا ئىختىيارى چىقىشىغا يول قويماسلىق»نى «ئەخلاق نورمىسى سۈپىتىدە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى بېيىتلىرىدا يەنىلا ئاياللارنى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەت قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ جەھەتتە شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى مۇتەئەسسىپ دىندارلارنىڭ ئاياللارنى خورلاش ۋە دەپسەندە قىلىشتەك چىرىك پەتىۋالىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ھەتتا «قابۇسنامە»دەك ئەخلاق كىتابلىرىدىكى نەسىھەتنامىلارغا قارىغاندىمۇ ئىلغارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ساھەدە شائىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنى ئوبيېكتىپ ۋە تارىخىي يوسۇندا تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىسىنەزىرىدىن مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى ئېتنوگرافىيىگەئائىت يۇقۇرىدەك كۆپلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار ئەلۋەتتە، ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئەخلاقشۇناسلىق تەتقىقاتىدا پايدىلىق ماتېريال بولالايدۇ.

## ھېكمەتلىك سوزلەر

△ ئەقىلسىز كاللا بەئەينى شامسىز پانوس.

— لېۋ. تولستوي

△ بىلىملىك كىشى ئەمەلدە ئىشلىمىسە، ھەسەل ھەرىسى ھەسەل چىقارمىغان بىلەن تەڭ.

— سەئدى

△ ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياشلىق باھارىدىكى بەخت ــ سائادىتىنى ئاتاپ قويىدۇ.

— موزارت

△ كىشىلەر ئۆزى ئامراق نەرسىگە ناھايىتى ئالدىنىپ قالىدۇ.

— موليېر

△ ھەر قانداق ئادەمگە ئىشەنمەسلىك بىلەن كۆرگەنلا كىشىگە ئىشىنىۋېرىش ئوخشاشلا خاتا.

— سېنېكا

# شېئىر كىتاۋى①

**ئەبۇ نەسىر فارابى**

**تەھرىردىن:**

ژورنىلىمىزنىڭ 1983 - يىل 4 - سانىدا ئا. ئىرسوۋ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگەن «شېئىر سەنئىتى» كىتاپچىسىدىكى ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان ئەسەرلىرىدىن بىرنى مۇقەددىمىسى بىلەن ئېلان قىلغان ئىدۇق. بۇ قېتىم شۇ كىتاپچىدىكى يەنە بىر (شېئىر كىتابى) ماقالىسىنى، «ئېبنى ئەبى ئوسەيبىئە فارابى ھەققىدە» ناملىق ماقالا بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدۇق. مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ 1983 - يىل 4 - سانىدىكى ئا. ئىرسوۋ مۇقەددىمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

بىز شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بولغان كۆپلىگەن خەلقلەرگە قارىغاندا، ئەرەپلەر ئۆز شېئىرلىرىدا بېيىتلارنىڭ ئاخىرىغا كۆپرەك ئېتىۋار قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەرەپ بېيىتلىرى مەلۇم بىر ئۆلچەمدىكى چەكلىك سوزلەر بىلەنلا مۇكەممەل ۋە گۈزەل بولىدۇ. بۇھال ئۇلاردا كەم قوللىنىدىغان ياكى بولمىسا، كۆپچىلىك ئارىسىدا مەشھۇر بولغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش بىلەن يۈز بېرىدۇ. مەزكۇر بېيىتلاردىكى سۆزلەردىن چۈشىنىلىدىغان مەنىلەر مۇشۇ سۆز بېرىۋاتقان نەرسە ۋە ھادىسىلەرگە ئوخشايدىغان تەقلىدىي بولۇشى كېرەك. شۇنىسىمۇ باركى، ئۇ يەردە ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەر رىتىملىق، مەلۇم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلغان بولۇشى كېرەك. ھەتتا ئۇنىڭدىكى ھەربىر رىتىم، تۇراق، سەۋەپ، ۋەقەلەر② سانىمۇ چېگرىلىنىشى زۆرۈر.

شېئىرنىڭ ھەربىر ۋەزنىدە قوللىنىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرى تەرتىۋىنىڭ مۇئەييەن چېگرىسى بولىدۇ. شېئىر بېيىتلىرىنىڭ ھەر بىر بۆلۈكىدىن ۋەزىن تەرتىۋى بىلەن باشقا قىسمىدىكى تەرتىپ ئاھاڭداش بولۇشى كېرەك. نەتىجىدە مانا شۇ يۇقۇرىدىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلىنسىلا، ئۇنىڭ ھەر بىر بۆلەكلىرى ئوقۇلۇش پەيتىدە بىر - بىرىگە باراۋەر ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ ھەم سىلىق چىقىدۇ. ھەربىر ۋەزنىدە ئىشلىتىلىدىغان بېيىت سۆزلەرنىڭمۇ مەلۇم بىر تەرتىۋى، چېگرىسى بار. مۇنداق بېيىت سۆزلىرىنىڭ ئاخىرلىرىمۇ چەكلەنگەن.③ يا تاۋۇشلار خۇددى ئۆزىدىكىدەك ياكى ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا باراۋەر كېلىدىغان سۆزلەر بولۇشى كېرەك.④

بىيىتلاردىكى سۆزلەرمۇ، گەپ نىمە ھەققىدە كېتىۋاتقان بولسا، شۇنىڭغا ئوخشىتىش تەرزىدە ئىپادىلىنىشى لازىم⑤. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىيىتلارنىڭ بىر - بىرىگە ئاھاڭداش بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ.

بەزى خەلقلەردە ئالدىن نەغمە - كۈي يارىتىلىپ، كېيىن ئۇنىڭغا ھەم ئاھاڭ قىلىپ، شېئىر باغلىنىدۇ. بۇ چاغدا شېئىرنىڭ بۆلەكلىرى كۈيگە باغلانغىنى نۇقتىئىنەزىرىدىن خۇددى بەزى بىر ھەرپ - تاۋۇشلارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ئەگەر شېئىرنىڭ ⑥ مەلۇم قىسمىغا ئاھاڭ باغلانماي قالغان بولسا، ئۇ ھالدا ۋەزن بۇزۇلىدۇ. بۇ خۇددى شېئىردا ھەرپلەرنىڭ بىرەرسى چۈشۈپ قالغان تەقدىردە ۋەزىننىڭ بۇزۇلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

بەزى خەلقلەردە، ئەرەپلەر شېئىرلارنى كۈيگە سالغىنىغا ئوخشاش، ئۆز شېئىرلىرىغا كۈي باغلىمايدۇ (ئا - 272). لېكىن، شېئىر پەقەت بوغۇملاردىنلا تۈزۈلىدۇ، خالاس. بۇ، خۇددى ئەرەپ شېئىرىيىتىدىكى ھالەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا ئەگەر شېئىرغا كۈي باغلانسا، ئاھاڭ، ۋەزن - رىتىم، شېئىر ۋەزنىگە قارىمۇ - قارشى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈيگە سېلىنغان سۆز يەنى شېئىرنىڭ ۋەزنى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمدە - كىم سۆزگە نەغمە - كۈي باغلايدىكەن، شېئىرنىڭ بەزىبىر سۆزلىرىدە يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش ۋەزن بۇزۇلۇشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك⑦.

كىشىلەر ۋە كۆپچىلىك شائىرلارنىڭ چۈشەنچىسىچە، سۆزلەر مەلۇم تەرتىپتە بۆلەكلەرگە بۆلىنىپ، بۇ بۆلەكلەر مۇئەييەن ۋە باپ - باراۋەر مەۋزۇن - ۋەزىنلىك دېيىش مۇمكىن. بۇنىڭدا شېئىر بىرەر نەرسىگە تەقلىت قىلىپ توقۇلغانمۇ قانداق، مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەشۇ شېئىر يېزىلىۋاتقان تىلدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ پاساھىتى ⑧ مۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ سۆزلەر مەشھۇر ۋە يەڭگىل بولسىلا، بەس. شۇنىڭغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىشىدۇ.⑨ شېئىردا كەلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپى (يۇقىرىدا شەرتلىك رەۋىشتە ئېيتىلغان تەرەپلەرنى ھېساپقا ئالغان ھالدا) شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرى بىلەن باراۋەر تۈگەللىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ⑩ بۇ يا بىر خىل ھەرپ - تاۋۇشلاردىن ئىبارەت سۆزلەر بولۇشى، ياكى بولمىسا، ئىككىلىسىمۇ باپ - باراۋەر بىر ۋاقىتتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەر ⑪ بولۇشى كېرەك.

ئەمما، يۇنان شائىرى ھومېرنىڭ ⑫ ئىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئۆز شېئىرلىرى ئاخىرىنىڭ باراۋەر كېلىشىگە رىئايە قىلمىغان.

ئەگەردە، سۆزلەر بىرەر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىتتىن تەشكىل تاپقان بولسايۇ، لېكىن ئۇلار بىرەر ئاھاڭ بىلەن ۋەزنىگە چۈشۈرۈلگەن بولمىسا، ئۇنداق تىزما سۆزلەر شېئىر ھېساپلانمايدۇ. بەلكى بۇنداقلار شېئىرىي سۆز - مۇلاھىزە دەپ يۇرۇتۇلىدۇ، خالاس. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەگەر بۇ ئېيتىلغان «شېئىرىي سۆزلەر» مەلۇم ۋەزنىگە چۈ-

شۇرۇلۇپ، شېئىرنى بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەندىلا، ئاندىن ئېيتىلغان سۆزلەر شېئىر بولالايدۇ.

قەدىمقى شائىرلار نەزىرىدە، شېئىر تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ جەۋھەر ئاساسىي مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولغان:

شېئىر بىرەر نەرسىگە تەقلىت قىلىنغان سۆزلەردىن تەشكىل تېپىشى كېرەك[14].

شېئىر مەلۇم بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ بۆلەكلەر (ئالدى ـ كەينى) باپ-باراۋەر ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغان بولۇشى لازىم. شېئىر تەبىئى ـ تۈزۈلۈشىدە باشقا قانۇن-قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ئۇنچىلىك زۆرۈر دەپ سانالمىغان. ۋاھالەنكى، بۇ قانۇن-قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ ئۆزى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغۋار بولۇشىغا سەۋەپ بولغان. شېئىر تۈزۈلۈشىدە تۇتۇلمىغان مانا شۇ ئىككى يول پەقەت تەقلىت ـ تەنبىھ بولۇشىنىلا ئەمەس (ب. 272)، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق تەقلىت قىلىنىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىمۇ بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇنداق قانۇن ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر.

خىتابە رىتورىكتىمۇ تەقلىدى نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل نەرسىلەر كۆپچىلىككە تولىمۇ يېقىندىن ئايان ۋە مەشھۇردۇر. ناتىقلارنىڭ كۆپى تەبىئەتلىرىدە ئەسلى شېئىرىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش قابىلىيەتلىرى بار، تۇرۇقلۇقمۇ، خىتابە ـ رىتورىكا تەلەپ قىلغاندىن ئارتۇقراق دەرىجىدە تەقلىتنى ئىشقا سالماقچى بولغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خاتالىققا يول قويۇشقان. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىگە ھېچكىم ئىشىنىپ قارىمىغان، بەلكى ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بۇنداق سۆزلىرى كۆپچىلىك نەزىرىدە تولىمۇ مۇبالىغىلىق خىتابە (ئېلىپ قاچتى گەپ) سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان، ۋاھالەنكى، ئەسلىنى ئالغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى شېئىرىي مۇلاھىزىلەرنىڭ ئەينەن ئۆزىلا بولۇپ، ناتىقلار بۇنىڭدا پەقەت خىتابە يولىدىن ماڭماستىن، بەلكى مەيلىنى شېئىرىي يولغا قويغان ئىدى، خالاس.

كۆپچىلىك شائىرلارمۇ ئۆز پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى باشقىلاردا قانائەت ھاسىل بولىدىغان دەرىجىدە ئىپادىلەشكە قابىلىيەتلىك بولىدۇ[15]. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ قېنىقارلىق مۇلاھىزىلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئىپادىلەشكەن. نەتىجىدە، بۇلار كۆپچىلىك نەزىرىدە شېئىر بىلەن پۈتۈلگىنى ئۈچۈن، ئۇنى شېئىرىي ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقان. ۋاھالەنكى، ئۇ ئەسلىدە بىر خىتابىي مۇلاھىزە بولۇپ، ئاشۇ شائىرلارنىڭ شېئىرىي يولدىن چېكىنىپ، مەيلىنى خىتابىي ـ رىتورىك يولىغا بەرگەنلىرى ئىدى.

ناتىقلار كۆپىنچە، ئۆز نۇتۇقلىرىدا مانا شۇ ئىككى ھالەتنى جەملىگەن بولىدۇ[16]. كۆپچىلىك شائىرلاردىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق. مەسىلەن: مەۋجۇت شېئىر ۋە شېئىرىي مۇلاھىزىلەرنىڭ ھەممىسى نېمە ھەققىدە سۆز كېتىۋاتقان بولسا، ئاشۇلارغا

بېرىپ تاقىلىدىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. نەرسىلەرگە تەقلىت قىلىش بولسا، ھەم پېئىل بىلەن ھەم مۇلاھىزىلەر بىلدۈرۈش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. پېئىل بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان تەقلىت - ئوخشاتما ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى شۇكى، ئىنسان ئۆز قولى بىلەن بىرەر نەرسىگە ئوخشىغان شەكىلنى ياسايدۇ. شۇنداقلا، ئىنسان بىرونىڭ شەكىل ياكى قىلىقىنى ئىشلەپ، ئۇنى مۇئەييەن بىر كىشىگە ياكى باشقا بىرەر نەرسىگە ئوخشاتماقچى بولىدۇ ياكى بولمىسا، ئىنسان بىرەر باشقا ئادەمنىڭ ئىش - ھەركىتىگە ئوخشاش ھەركەتنى قىلىدۇ.

سۆز بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان تەقلىت - ئوخشاتما شۇنداق. ئۇ، ئاشۇ سۆز بېرىۋاتقان ھەركەتلەردىن بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىپ قىلىنغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن يا ئېيتىلغان بولۇشى كېرەك. بۇ سۆزلەر ئاشۇ نەرسىلەر ئوخشىتىپ قىلىنغان ھەركەتلەرگە ئىشارە قىلىدۇ ۋە ئاشۇ نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن سۆز شۈپىتىدە خىيالمۇ قىلىنىدۇ (ئا - 273) بۇ ھەركەت ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە يا بولمىسا، باشقا نەرسىلەردە بولىدۇ، دەپ خىيال قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سۆز - مۇلاھىزە بىلەن بولىدىغان تەقلىت - ئوخشىتىشمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى تەقلىت - ئاشۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدە، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ، ئىككىنچىسى بولسا، بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى باشقا نەرسە ئارقىلىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېلىنىدۇ. بۇ ھال ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەندە خۇددى شۇنداق بولىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى، نەرسىنىڭ ئۆزىدە ئۆزىنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. شۇنداقلا ئېيتايلۇق، تەرىپ، ئىككىنچىسىدە بولسا، بىر نەرسىنىڭ بارلىقى باشقا نەرسىنىڭ بارلىقى بىلەن مەيدانغا كېلىشى توغرىلىق مەلۇمات بېرىدۇ. مىسال، ئېيتايلۇق، بۇرھان - ئىسپات.

دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىسپاتتا ئىلىم، تارتىشتا ئىككىلىنىش، رىتورىكىدا ئىشەندۈرۈش قانچىلىك زۆرۈر بولسا، شېئىرىيەتتىمۇ خىيال ۋە تەسەۋۋۇر شۇنچىلىك زۆرۈر بولىدۇ. بەزىدە ئىنساننىڭ پەيلى كۆپرەك خىيال سۈرۈشكە باغلىق بولىدۇ. بۇ شۇنداقكى، ئىنسان شۇ بىر نەرسىنى باشقا بىرەر نەرسىدە بار، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ھىس ۋە ئىسپات تەستىقلىغاندىلا، ئەنە شۇ نەرسىدە بارلىقىغا ئىشىنىپ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. ھەتتا بۇ ئىشتا ئۇنىڭ بارلىقى يالغان بولۇپ، پەقەت خىيال قىلىنغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھەركەت - پېئىلنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئادەملەر ئېيتىشىدۇكى، ئەگەر كىشى بىرەر نەرسىگە نەزەر سالسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ خۇش كۆرمەيدىغان نەرسىسىگە ئوخشىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئەشۇ غەشلىكتىن بۇ نەرسىگە نىسبەتەن خۇش كۆرمەسلىك ھىسسى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ئۇ نەرسىدىن ئۆزىنى ئاۋايلاپ ئاسراپ چەتلىشىپ يىرۇشكە ئۇرۇنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەسلىنى ئالغانـ

دا، بۇ نەرسىنىڭ ئۆزى ئەشۇ خىيال قىلىنغاندەك يامان نەرسە بولماسلىقىمۇ مۇمكىن.

مۇلاھىزىلەر ئىچىدە تەقلىت ئىشلىتىلگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان كىشىدىمۇ خۇددى شۇنداق ھالەت پەيدا بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ بىر نەرسىدە بىرەر باشقا نەرسىنىڭ ئوخ- شىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ نەرسىنى ئەشۇ كىشى ئىل- گىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولۇشى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇ نەرسىنىڭ شەكلى ئۇ- نىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر، ئۇ كىشىگە شۇنداق بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىنى سۆز بىلەن سۈپەتلەپ بې- رىلىسىچۇ، ئۇ ھالدا، ئەشۇ سۆز - مۇلاھىزىلەردە ئۆزى بۇرۇنقى چاغلاردا تەسەۋۋۇر قى- لىپ يۈرگەن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئوخشىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەشۇ سۆز - مۇلاھىزىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ھەر بىر نەرسە ئىچىدە ياخشىلىق - يا- مانلىق، ئادالەتسىزلىك ياكى تۆۋەنلىك ۋە يا بولمىسا، ھالاللىقنى تەسەۋۋۇر قىلغى- نىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنساننىڭ پىئىل - ئەتۋارى كۆپرەك ئۆزىنىڭ خىياللىرىغا باغلىق بولىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بىلىم يا ئەندىشىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەمما شۇنداق تەرىپىمۇ باركى، كۆپىنچە، ئۇنىڭ بىلىم ۋە ئەندىشىسى خىيال- دىكى نەرسىلىرىگە تەتۈر كېلىپمۇ قالىدۇ، بۇنداق پەيتلەردە ئۇنىڭ پىئىل ئەتۋارى ئۆز بىلىم ۋە ئەندىشىسىگە كۆرە ئەمەس، بەلكى خىيالىغا كۆرە ئىش تۇتىدۇ.

خوش، گەپ شۇنداق ئىكەن، خىيالغا كەلگەن سۆزلەردىن (ب - 273) كۆزى- تىلگەن مەقسەت ھەم ئاڭلىغۇچىنى ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن نەرسىنى قىلىشقا ئۈندەش- تىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن نەرسە، يا ئىزلەنگەن نەرسىلەردىن بىرىگە ئىنتىلىش، يا بولمىسا، ئۇنىڭدىن قېچىشتىن، ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ بېرىلىش ۋە يا بولمىسا، ئۇنى يامان كۆرۈش يا ئۇنىڭدىن يامانلىق يا ياخشىلىق كۈتۈشكە ئوخشاش ئىشلاردىن ئىبارەت ھىس (تۇيغۇ) پەيدا بولىدۇ. ئەشۇ نەرسىلەردىن ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىدىغان نەرسە مەيلى توغرا بولسۇن، مەيلى ناتوغرا بولسۇن، بۇنىڭ ئۇنىڭدىن پەرقى يوق. شۇنىڭدا، ئىش ھەقىقەتەن خىيالغا كەلگەن يوسۇندا بولغان- مىدى، ياكى خىيالغا كەلگەندەك بولمىغانمىدى، بۇنىڭمۇ پەرقى يوق، مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىگە قارالمايدۇ. بۇ خۇددى بىر كىشى ئۆزى بېجىرىۋاتقان ئىشنى بىر نەرسىگە تەقلىدەن قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ بەزىدە ئەشۇ تەقلىت قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئەينەن ئۆزىنى بېجىرىۋاتقاندەك بولىدۇ. بەزىدە بولسا، ئىنسان ئۆزى تەقلىت قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئۆزىنى بېجىرگەن بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ئەشمەتىنىڭ⑰ئەفتى-قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەيكەل شەكلىنى ئىشلىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئەشمەتىنىڭ تۇس- نى ئەكس ئېتىدىغان ئەينەكنىمۇ ياسىغان. خۇددى شۇنىڭدەك، بىز ئېھتىمال ئەشمەتىنى تونۇماس- لىقىمىز مۇمكىن. لېكىن بىز ئۇنىڭ ئىشلىگەن شەكلىنى كۆرۈپ، ئۇنى بىلىۋالىمىز. بىز بۇنىڭدا ئەشمەتىنىڭ ئۆزىنىڭ شەكلىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىگە

تەقلىت قىلىنغانلىقىنى (ئوخشىتىلغىنىنى) كۆرۈپ بىلىۋالدۇق. كۆپىنچە، بىز ئۇنىڭ شەكلىنى كۆرۈپ ئولتۇرمايمىز، بەلكى ئوخشايدىغان شەكلىنى ئەينەكتىكىدەك ئەكس ئېتىپ تۇرغىنىنى كۆرىمىز. شۇ چاغدا بىز ئۇنى ئوخشىتىلىۋاتقىنىغا ئوخشاپ قالغىنىدىن بىلىۋالىمىز. بۇ هالدا، بىز ئەشمەت شەكلى ھەقىقىتىنى بىلىش جەھەتتە ئىككى باسقۇچ ئۇزاقلاشقان بولىمىز. خۇددى مانا شۇنىڭ ئۆزى مۇلاھىزىلەرنى تەقلىتكە ئىلەشتۈرىدىغان تەرەپلەردىن سانىلىدۇ.

بۇ مۇلاھىزىلەر بەزى ئەشۇ نەرسىلەرگە ئوخشىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزىدە، بۇ تۈزۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ئۆزى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان نەرسىلەردىن، بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشىغان نەرسىلەردىن ۋە ئۇ نەرسىلەرگە ئوخشىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

نەتىجىدە، تەقلىت ـ ئوخشىتىش جەھەتتە، نەرسىلەر ئەسلىدىن بىر نەچچە باسقۇچ ئۇزاقلىشىدۇ. ئەشۇ مۇلاھىزىلەر خۇسۇسىدا ھاسىل قىلىنغان نەرسىلەر تەسەۋۋۇرى مانا شۇلاردىن ئىبارەت. بۇ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقا بولسا، مانا شۇنىڭدەك قاتار باسقۇچلار ئىلىشىپ كېلىدۇ. ھەر بىر نەرسە بىرەر نەرسىگە بىۋاسىتە ئوخشىغان بولغانلىقتىن، ئۇ نەرسە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ ياكى بولمىسا، بىر ياكى ئىككى نەرسە ۋاستىسى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇ، ئوخشىتىلغان نەرسىگە بىلدۈرۈلگەن مۇلاھىزىگە كۆرە بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلىگە يېقىن بولغان نەرسىلەرگە تەقلىت قىلىشتىن كۆرە، ئوخشىتىشنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەۋزەل بولىدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، مۇنداق ھالەتتە تۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگۈچىلەر، تەقلىت جەھەتتە ئىشلىگۈچىلەر ئارىسىدا ئەڭ لاياقەتلىك كىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق كىشى سەنئەت ئەھلىگە بەكمۇ مۇناسىپ كېلىدۇ ۋە تەقلىتنى ئۆز يولىغا ماسلاپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ.

كىتاپ تامام.⑱

## «شېئىر كىتاۋى»غا ئىزاھلار

① بۇ يەردە ئېيتىلغان كىتاپ سۆزى ھازىرقى چۈشەنچىمىزدىكى رىسالە، ماقالا (توم مەنىسى بىلەن پۈتۈك) دىگەننى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ براتىسلاۋا ئونىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىسى فارابىنىڭ مەنتىق (لوگىكا) گە ئائىت باشقا ئەسەرلىرى مەجمۇئەسىنىڭ «ب» — 271 - ۋارىغىدىن باشلىنىدۇ. بۇندىن كېيىنكى ۋاراق رەقەملىرى مەتىندە (ئەسلى نۇسخا دىگەن مەنىدە) ئىزناق ئىچىدە كېلىدۇ ۋە رەقەم باشلانغان جايدىن تارتىپ تۆۋەندىكى قىسمى شۇ ۋاراققا مەنسۇپ. بۇ ئەسەر مەتىن قولىيازمىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا بەت ئەمەس، بەلكى ۋاراق بولىدۇ. ئادەتتە، ۋاراقنىڭ ئالدىنقى ۋە ئارقىسى بولۇپ، ئىلمىي ئەدەبىياتتا بۇ «ئا» بىلەن «ب» ۋاراققا ئاجرىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەدەر ۋاراقنى بىلدۈرىدىغان رەقەملەر يېنىدا «ئا» ۋە«ب»ھەرپلىرى يېزىلغان.

② ئارۇزدا ھەركەتلىك ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەر سەۋەپ (كۆپلىكى ئەسباپ)، ئۈچ بوغۇملۇق سۆز-
لەر ۋاتەد (كۆپلۈكى ئاۋتەد) دەپ يۈرگۈزۈلىدۇ، بۇ يەردە «تۇراق» ئورنىدا كەلگەن ئەرەپچە
«سالاھىيەت» سۆزى بىلەن فارابى ئارۇزدىكى «فاسىلە»نى ئېيتماقچى بولسا كېرەك.
③ بۇنىڭدا فارابى شېئىر مىسرالىرىدا تۇراقنىڭ ئارتىپ كەتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتقان بولسا
كېرەك.
④ بۇ يەردە فارابى شېئىرلارنىڭ ئاخىرى بىرىنچى مىسرادا قانداق كەلگەن بولسا، ئىككىنچىسىدىمۇ
شۇنداق كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتماقچى. بۇنىڭ بىلەن فارابى قاپىيەداش سۆزلەرنى نەزەردە
تۇتقان بولسا كېرەك. چۈنكى بۇنداق ھاللاردا مىسرا ئاخىرىدىكى ھەرپلەر، ئاۋۇشلار دائى-
ما بىر خىل كېلىدۇ. بۇنىڭدا بولۇپمۇ، ئاخىرقى بوغۇملار شۇنداق بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردىن ئال-
دىنقى بوغۇملار ئاھاڭدار ھەرپ ياكى سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.
⑤ بۇ يەردە مەتىندە مۇھاكىي — تەقلىد قىلىش، ئەگىشىش دىگەن مەنىمۇ ئوقۇلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر
پەلسەپىسىدە تەبىئەتتىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ ئاڭدىكى ئەكس تەسىرى ئىپادىسىگە تەقلىد دەپ
قارالغان. ھەر بىر پەيلاسوپ ياكى شائىر تەبىئەتتەيۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ئەكسىنى، سۈرەت-
شەكلىنى ئىپادىلىگەن. دىمەك،شۇ سەۋەپتىن، ئۇ تەبىئەتتىكى ۋەقەلەرگە نىسبەتەن تەقلىدچى ھىساپ-
لانغان. لېكىن بۇ يەردە مۇئەللىپ ئەدەبىياتتىكى تەشبىھ - ئوخشىتىشنى ئېيتماقچى بولىدۇ.
چۈنكى، ھاياتتىكى ھەر بىر ۋەقەگە ئەدەبىياتتا ئوخشاتما قىلىنسىلا ئەجەپلىنەرلىك تۇيۇلىدۇ،
يەنى گۈزەل بولىدۇ. بۇنى بىز ھازىرقى تىلىمىزدا «ئوبراز» دەپ چۈشىنىمىز. شۇنداق دىيىل-
سە، فارابى تەلقىنى ئىپادىلەنگەندەك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەدەبىياتنى بەدىئى ئوبرازسىز تەسەۋ-
ۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر بىر ۋەقە ئوبراز ئارقىلىقلا ئوقۇغۇچىغا بېرىپ يېتىدۇ. شۇ ئوب-
رازلىق چۈشەنچىلەر ئارقىلىق باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنى ياخشى چۈشىنىشىمىز، ئۇنى كۆز
ئالدىمىزغا كەلتۈرەلىشىمىز ۋە ئىپادىلەپ بېرىشىمىز مۇمكىن. ئىنسان شۇ ئوبرازلار ئارقىلىق
مەلۇم بىر چۈشەنچىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇ ئارقىلىق چۈشىنىش ئاسان تۇيۇلىدۇ.
⑥ مەتىندە «ئەل - قەۋل» — «سۆز» بۇ يەردە مۇزىكا تېكىستى، يەنى شېئىر دىيىلمەكچى.
⑦ بۇ يەردە فارابى ھىجانىڭ بۇزۇلۇشىغا ئىشارە قىلماقچى. بەزى بېيىتنىڭ ئاۋالقى مىسراسى بىلەن
كېيىنكى مىسراسى بىر خىل ۋەزىندە بولماي، بىر - بىرىدىن بىر بوغۇم كەم ياكى ئارتۇق بول-
ا، شېئىر ئوقۇلغاندا، ئىككىلا مىسرانىڭ ۋەزنى بىر - بىرىگە ماس چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
فارابىنىڭ «ھەرپ» دىگەن سۆزىنى «ئاۋۇش» يا «بوغۇم» دەپ ئالساق، مەقسەتكە مۇۋاپىق
بولىدۇ.
⑧ مۇئەللىپ بۇ يەردە، بوغۇملارنىڭ ئارتۇق - كەم بولۇشىغا ئېتىۋار بېرىشنى ئېيتىۋاتىدۇ.
⑨ مەتىندە «فەسىھە» كەلگەن. بۇ يەردە مۇئەللىپ شېئىرلاردا ئىشلىتىلىدىغان فاساھەت ۋە بالاغەتنى
ئېيتماقچى. شېئىردا گۈزەل، ئوبناقى ۋە ئوبرازلىق ئىبارىلەر ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ بەدىئىلىكى كۆ-
چىيىدۇ.
⑩ بۇ يەردە فارابى شېئىردا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممە كىشىلەرگە چۈشىنەرلىك بولۇشىنى
ئېيتماقچى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، شېئىردا قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىنى كۆپچىلىك بىلىدى-
غان، شۇنداقلا، چۈشىنەرلىك بولۇشى شەرت، دىمەكچى. بۇنىڭ بىلەن شېئىرلاردىكى ئوبرازلىق
ئىبارىلەر، ئۇنىڭدىكى ئوخشىتىشلار، تەنە، چۆچەك، ھېكايە ياكى ئەپسانىگە قىلىنىدىغان

ئىشارىلەر، ئاشۇ شېئىرنى ئوقۇيدىغانلارغا چۈشىنەرلىك بولۇشى كېرەك. شۇ نەرسىلەر بىلەن شېئىر پاساھەتلىك، گۈزەل بولىدۇ، دېمەكچى.

⑪ بۇ يەردە مۇئەللىپ شېئىر قاپىيىسى، تۇراقلىرىنىڭ مەلۇم بىر ۋەزىندە كېلىشىنى ئېيتماقچى. بۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىمۇ شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

⑫ مەتىندە ھورۇف — ھەرپلەر كەلگەن. بۇ يەردە مۇئەللىپ بوغۇمنى ئېيتماقچى. ئەرەپ ئېلىپبەسىدە ئاساسەن سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى يېزىلمىغان تەقدىردە يېرىم سوزۇق (بۇنى ئەدەبىياتتا قىسقا سوزۇق ئاتىشىدۇ. ئايرىلىشىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇلار يېزىقتا ھەرپ ئاستى يا ئۈستىدە كېلىدۇ. ئوقۇلۇشتا ئاشۇ ئۆزۈكتىن ئالدىن ياكى كېيىن ئوقۇلىدۇ. بۇ ھەرپلەر ئۆز نۆۋىتىدە بوغۇم رولىنى ئوينايدۇ. بېيىتلەردە بىرەر بوغۇم كەم بولسا، بېيىت ۋەزنى بۇزۇلىدۇ.

⑬ مەتىندە ئۇمىرئۇس، خومىرئۇس يەنى ھومېر (گومېر) تەخمىنەن مىلادىدىن ئاۋالقى 10 - 12 ئەسىرلەردە ياشىغان بۈيۈك يۇنان شائىرى، مەشھۇر «ئودېسسا» ۋە «ئىللىيادا» داستانلىرىنىڭ مۇئەللىپى.

⑭ بۇنى «شېئىر بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىلغان (ياكى تەشبىھ قىلىنغان) ئوبرازلىق سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك» - دەپ چۈشىنىشى لازىم.

⑮ مۇئەللىپ بۇ يەردە شائىر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ناتىق سۈپىتىدە پىكىر قىلىشىنى ئېيتماقچى.

⑯ مەتىندە خۇتابا - خىتاپ قىلغۇچى - ناتىقلار. كۆپچىلىك ناتىقلار دەسلەپتە ناتىق بولۇشلىرى بىلەن بىللە شائىرمۇ بولالايدۇ، دېمەكچى.

⑰ مەتىندە زەيد كەلگەن. ئەرەپلەردە زەيد بىلەن ئەمىر ئىسىملىرى خۇددى بىزدە ئەشمەت، تەشمەت دېگەندەك كېلىشىۋېرىدۇ. بۇ يەردە بىز كىتابخانلارغا چۈشىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئالدۇق. *

⑱ شۇ يەردە ئا - 274 ۋاراق باشلىنىدۇ، كېيىن ئۇنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ ئۆزىدىن سۆز قوشۇپ، كىتابىنىڭ تۈگىگىنىگە ئىشارە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە كاتىپ بىر نەچچە ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولغان فارابى ئەسەرلىرى قوليازمىسىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، «شېئىر كىتاۋى» رىسالىسى بۇ جىلدكە كىرگەن فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەن. قوليازمىنىڭ ئاخىرىدا كاتىپ: «ئەبۇنەسىر كىتابلى ...ت . رىف كۆچۈرۈلۈشى شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ئاخىرىغا يەتتى» دەپ يېزىپ قويغان.

* ئۆزبەك جانلىق تىلىدىكى «ئەشمەت - تەشمەت» دېگەن ھەجۋى ئىسىملەر ئۇيغۇر تىلىدىكى «پالانچى - پۇكۇنچى» ياكى «ئەخەت بىلەن مەخەت» دېگەنلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۆزبەكچىدىكى «ئەشمەت»نىڭ ئۆزىنى ئالدۇق (ت)

# ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئە فارابى ھەققىدە

ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بۇ كىشىنىڭ تولۇق نامى ئەبۇنەسىر مۇھەممەد ئىبنى ئۇزلۇغ تارخان بولۇپ، تۇغۇلغان شەھرى فاراپ. بۇجاي خۇراسان يەرلىرىدىكى تۈرك ئۆلكىسىگە تېگىشلىك بىر شەھەر. ئۇنىڭ ئاتىسى قوشۇن سەركەردىسى، كېلىپ چىقىشى پارىس①.

ئەبۇ نەسىر بىر قانچە ۋاقىت باغداتتا تۇرۇپ، كېيىن شامغا كۆچىدۇ ۋە بۇ يەردە تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر تۇرۇپ قالىدۇ. مەرھۇم يېتىشكەن پەيلاسوپ، پازىل[1] دانىشمەنلەردىن ئىدى. ھىكمەتكە ئائىت پەنلەرنى مۇكەممەل بىلەتتى، ئۇ رىيازى[2] ئىلىملەرگە ماھىر، پاك، ئۇلۇغ ئەللامە[3]، مال - دۇنيا بىلەن ئىشى يوق خاكسار ئادەم ئىدى. ئۆلمەسلىك ئۈچۈنلا يېيىلىدىغان (ئەڭ غورگۆل) تاماقلارغا چىداپ ئۆتىدىغان، ئەڭ قانائەتچان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ خۇي - پەيلى خۇددى قەدىمقى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەخلاقىغا ئوخشايتتى.

ئەبۇنەسىر تىبابەت ئىلمىدىنمۇ خېلى خەۋەردار ئىدى. بۇ ساھەدە ئۇنىڭ نەزىرىيە قىسمىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما تىپ ئىلمىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبە قىسمى ۋە ئۇنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا چوڭقۇر كىرىشەلمىگەن ئىدى.

سەيفىددىن ئەبۇل - ھەسەن ئىبنى ئەلى ئەل - ئۇمادىنىڭ② ماڭا ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، ئەل فارابى دەمەشققە دەسلەپ بارغان چاغلىرىدا، بىر باققا قاراۋۇل بولغان ئىكەن. ئۇ مۇشۇ باغدا ھەمىشە ھىكمەت - پەلسەپى بىلىملەر بىلەن مەشغۇل بولغان ئىكەن. ئەبۇ نەسىر بۇيەردە قەدىمقىلارنىڭ قاراشلىرى - ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارغا يېزىلغان شەرھىلەرنى مۇتالىئە[4] قىلار ئىكەن. ئۇ بىچارە ھال كىشى بولۇپ، ھەتتا كېچىلىرى ئۇخلىماي كىتاپ يېزىش بىلەن مەشغۇل بولار، ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن ئاشۇ قاراۋۇللۇقتا ئىشلىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن چىراق نۇرىدىن پايدىلىنار ئىكەن.

---

1) پەزىلەتلىك كىشى

2) ھىساپ - ماتىماتىكا

3) دوكتۇر، ئاكادېمىك

4) دىققەت بىلەن چۈشەنمەك، تەتقىق قىلماق.

بىرقانچە ۋاقىت ئەبۇ نەسىر مانا شۇنداق ھايات كەچۈرىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئەتراپقا تارقىلىپ، ئابرويى ئۆسىدۇ. يازغان ئەسەرلىرىمۇ مەشھۇر بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاگىرتلىرىمۇ كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ زامانىسىنىڭ يېگانىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەللامىسى دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ.

ئەمىر سەيفۇد دەۋلە ئەبۇل — ھەسەن ئەلى ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ھەمدان ئەت — تەغلابى ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى. ئۇنىڭ بىلىمىگە قايىل بولۇپ، ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام قىلدى. نەتىجىدە، ئەمىرنىڭ ئەبۇ نەسىرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن بولىدىغان ھەممە يىغىلىشلىرىنىڭ قىممىتىمۇ ئاشتى. ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولدى.

بەزى ماشايىخلارنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، ئەبۇ نەسىر ئەل - فارابى 338 - يىلى ④ مىسىرغا سەپەر قىلغان، كېيىن دەمەشققە قايتىپ كەلگەن ۋە شۇ يەردە 339 - يىلى ⑤ رەجەپ ئېيىدا سەيفۇد دەۋلە ئەلى ئىبنى ھەمدان ئەمىرلىكى ۋە ئەر - رازى ⑥ خەلىپىلىكى دەۋرىدە ۋاپات بولغان.

ئەمىر سەيفۇد دەۋلە ئۆزىنىڭ ئون بەش نەپەر ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە ئەبۇ نەسىرنىڭ جىنازە نامىزىغا ھازىر بولدى. ⑦ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەبۇ نەسىر قانائەتلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمىر سەيفۇد دەۋلەنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشقا قارىماي، ئۇ ھەر كۈنى تۆت دەرھەم كۈمۈش پۇلدىن باشقا ھېچقانداق ئىنئام - مۇكاپاتتىن پايدىلانماس ئىكەن. ئاشۇ تۆت دەرھەم پۇلنى تۇرمۇشقا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرگە سەرپ قىلىدىكەن. ھەتتا ئۇ تىرىكچىلىك قانداق ئۆتىدۇ دەپ قايغۇرۇپمۇ قويماس ئىكەن. نە ئۆي - جايىنى ئويلىماس ۋە بىرەر پايدىنى كۆزلىمەس ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەبۇ نەسىر قوزى يۈرىكى ۋە رەيھان شەرۋىتى بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن. ئەبۇ نەسىرنى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا قازى بولغان دېيىشىدۇ. ئىلىم - مەرىپەتكە چوڭقۇرلاپ كىرىشكەچ، ئۇ بۇ ئىشنى تاشلاپ، بارلىقىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە قارىتىپتۇ، مال - دۇنيالارغا زادىلا قىزىقماس ئىكەن.

ئۇ قاراۋۇللۇق قىلىش ئۈچۈن، كېچىسى تۇرار جايىدىن چىقىدىكەن - دە، چىرىغىنى يېقىپ ئوقۇشقا كىرىشىدىكەن. ئۇ مۇزىكا سەنئىتىدىمۇ بىلىمدان كىشى ئىكەن. بۇ ساھەدىمۇ ئۇنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى ۋايىغا يەتكەن. ئۇ تولىمۇ كامالەتلىك كىشى بولۇپ، ئىلىمدە شۇ دەرىجىگە يېتىشكەنكى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاجايىپ بىر مۇزىكا ئەسۋابى ياساپتۇ. ئەنە شۇ ساز قورالىدىن ناھايىتى گۈزەل يېقىملىق كۈيلەرنى ئاڭلاش مۇمكىن ئىكەن. ھەتتا ئاڭلىغان كىشىنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋېتىدىكەن.

ئەبۇ نەسىرنىڭ ھېكمەت پەلسەپىسىنى ئوقۇشقا بىر كىشى سەۋەپ بولغان ئىكەن. شۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئارىستوتېلنىڭ بىر نەچچە پارچە كىتاۋىنى «بۇ سىزدە تۇرۇپ

تۇرسۇن، كېيىن ئېلىپ كېتىمەن» دەپ قويۇپ كەتكىنى سەۋەپ بولغان، دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەبۇ نەسىرنىڭ كۆزى ھېلىقى كىتاپلارغا چۈشۈپ، ئۇلار كۆڭلىگە يېقىپ قالىدۇ، ئۇنى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. ھەتتا ئۇ شۇنداق قىلىپتۇكى، تاكى ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئالمىغىچە قويماپتۇ. نەتىجىدە تەل - تۆكۈس پەيلاسوپ بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئەبۇ نەسىر - ئەل - فارابىنىڭ «پەلسەپە» سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشىدۇ. ئۇ شۇنداق دىگەن. پەلسەپە — يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئەرەپ تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ بىرى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ تىللىرىدا فىلوسوفۇ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى «ھىكمەتنى سۆيۈش» دىمەكتۇر. بۇ سۆز يۇنان تىلىدا «فىلو» بىلەن «سوفىيا» سۆزلىرىدىن تەركىپ تاپقان. «فىلو» نىڭ مەنىسى سۆيۈش، ياقتۇرۇش بولۇپ، «سوفىيا» نىڭ مەنىسى ھىكمەت، دانىشمەن دىگەننى بىلدۈرىدۇ. پەيلاسوپ سۆزى بولسا، پەلسەپە دىگەندىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ يۇنانلارنىڭ تىلىدا «فىلوسوفۇس» دېيىلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش يۇنان تىلىدا سۆزلەرنىڭ يىلتىزىدا بولىدىغان ئۆزگىرىش ھىساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىدا بۇنىڭ مەنىسى ھىكمەتنى سۆيۈش دىمەكتۇر. ئۇلار بۇ ئىبارەت بىلەن ھاياتتىن ۋە ئۆمۈر كۆرۈشتىن مەقسەت — ھىكمەتنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر، دېيىشىدۇ.

ئەبۇ نەسىر ئەل - فارابى پەلسەپىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ھىكايە قىلغان:

يۇنان پادىشالىقى دەۋرىدە پەلسەپىنىڭ ئىشى يۈرۈشۈپ، مەشھۇر بولۇپ كەتتى. ئارىستوتىلنىڭ ئىسكەندىرىيىدە ۋاپاتىدىن تاكى خوتۇن پادىشانىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىمۇ شۇنداق بولدى.

ئارىستوتىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلىماتى قانداق بولغان بولسا، شۇ پېتىچە قالدى ۋە شۇ تەرىقىدە ئون ئۈچ پادىشالىق دەۋرىگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پەلسەپە مۇئەللىملىرىنىڭ ئون ئىككىسى ئارقا - ئارقىدىن يېتىشىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى ئاندىرونىكوس نامى بىلەن مەشھۇر. بۇ پادىشالارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئايال كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن رۇم پادىشاسى ئاۋغۇستۇس غەلىبە قازىنىپ، مەلىكىنى ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىگە ئىگە بولغان ئىدى. ۋاقتى - سائىتى كېلىپ، پادىشالارنىڭ نەزىرى كىتاپ غەزنىلىرىگە چۈشكەن. نەتىجىدە، ئۇ بۇ توغرىدا بىر قارارغا كەلگەن. ئاشۇ يەردىن ئارىستوتىل كىتاپلىرىنىڭ نۇسخىلىرى تېپىلغان ئىدى. بۇلار ھەممىسى ئارىستوتىل زامانىدا ۋە تېئوفراستۇس دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار ئىدى. ئۇ يەردە مۇئەللىملەر ۋە پەيلاسوپلار تېپىلىپ، ئۇلار ئارىستوتىل يازغان كىتاپلارغا ئوخشاش مەنىلىك كىتاپلار تۈزۈپ چىقىشتى. كېيىن ئاشۇ پادىشا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن پايدىلىنىش نىيىتىدە ئارىستوتىل ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن كىتاپلارنىڭ نۇسخىلىرى كۆپەيتۈرۈلدى، قالغانلىرىدىن يۈز ئۆرۈلدى.

ئاۋغۇستۇس بۇ ئىشلارنىڭ چارىسىنى كۆرۈپ قويۇش، ئۇلاردىن نۇسخا كۆچۈرۈپ ئۆزى بىلەن بىللە رۇمىيىگە ئېلىپ كېتىشنى، باشقا بىر كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى بولسا، كىتابلار ماكانى بولغان ئىسكەندىرىيىدە قالدۇرۇشنى بۇيرۇپ، بۇ ئىشنى ئورۇنلاشنى ئاندىرونىكوسقا يۈكلىدى. كېيىن ئۇ، ئىسكەندىرىيىدە ئاندىرونىكوس ئورنىنى باسىدىغان بىر مۇئەللىم تېپىپ قويۇشنى بۇيرىدى. ئالىم ئاندىرونىكوس بولسا، ئاۋغۇستۇس بىلەن بىللە رۇمغا بېرىپ، ئۇ يەردە پەلسەپىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەلسەپە ئىككى ئورۇندا — ئىسكەندىرىيە ۋە رۇمدا ئۆگىنىلىشكە باشلاندى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىش شۇ ئىككى جايدىغىنە يۈرۈشتى. ئەھۋال شۇ تەرىقە بولۇپ، بۇ ئىش تاكى نەسرانىيە — خىرىستىيان دىنى مەيدانغا كەلگىنىگە قەدەر داۋام قىلدى. كېيىن پەلسەپىنى ئۆگىنىش رۇمىيىدە ئېنقىرازغا1) ئۇچرىدى. بۇ ئىش پەقەت ئىسكەندىرىيىدىلا قالدى. شۇ تەرىقە ئەھۋال تاكى نەسرانىلەر پادىشاسى ئويلاپ بىر پىكىرگە كەلگىچە داۋام قىلدى. كېيىن مەسىھى — يۇسقۇپ روھانىيلىرى يىغىلىشىپ، بۇ تەلىمنى بىكار قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشتى. مانا شۇ چاغدا، بۇلارنى تەرك قىلىشتىن ئاۋال ئۇلار پەلسەپىنىڭ مەنتىققە ئائىت كىتابلاردىن تاكى ۋۇجۇدىيە بۆلۈمى — ئاخىرىغىچە ئۆگىتىشنى، ئۇنىڭدىن باشقا قىسىملىرىنى ئۆگەتمەسلىكنى لازىم تېپىشتى. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق قىلمىسا، نەسرانى دىنىغا زەرەر يېتىدۇ، دەپ گۇمان قىلىشتى. بۇ پەننىڭ ئۆگىتىلىشى ئۈچۈن ئېلىپ قالدۇرۇلغان قىسمىدىن دىنىنىڭ كۈچىيىشىگە پايدىسى يېتىدۇ - دىگەن ئۇممىتلەردە بولۇشتى. پايدىلىنىشقا لايىق تېپىلغان قىسمى ئاشكارا مەلۇم بولدى، قالغان قىسمى بولسا، ئۇزاق ۋاقىتقا قەدەر، ھەتتا ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگىچە بېكىتىكلىك پېتى قېپقالدى.

شۇنداق قىلىپ، پەلسەپىنى ئۆگىتىش ئىشى ئىسكەندىرىيىدىن ئانتاكىيىگە كۆچتى ۋە بۇ يەردە بىرغىنا مۇئەللىم قالغىچە، ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلدى. ئاشۇ قېپقالغان مۇئەللىمدىن بۇ پەننى ئىككى كىشى ئۆگەندى. كېيىن ئۇلار ئىككىلىسى كىتاپلىرىنى ئېلىپ، ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشتى. بۇلارنىڭ بىرى ھەرران ئاھالىسىدىن بولۇپ، يەنە بىرى مەرۋ ئاھالىسىدىن ئىدى. ئاشۇ مەرۋلىك كىشىدىن ئۇنى ئىككى كىشى ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ بىرى ئىبراھىم ئەل مەرۋەزى⑧ ئىدى. ئىككىنچىسى يوھەننا ئىبنى ھەيلان ئىدى. ھەررانلىقتىن ئىسرائىل ئەل - ئۇسقۇپ ۋە قۇۋەيرى ئىككىلىسى تەلىم ئېلىشتى. كېيىن ئۇلار باغداتقا يول ئالدى. ئىبراھىم دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى، قۇۋەيرى بولسا، تەلىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇدەررىس بولۇپ قالدى.

ئەمما يوھەننا ئىبنى ھەيلانغا كەلسەك، بۇ كىشىمۇ ئۆز دىنى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماڭدى. ئىبراھىم ئەل مەرۋەزى باغدات شەھرىگە بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ئەل - مەرۋەزىدىن بولسا، مەتتا ئىبنى يۇنان دىنىنى ئۆگەندى. بۇ كىشى ئەشۇ ۋاقىتلاردا ۋۇجۇدىيىگە ئائىت مەسىلىلەرنىتا ئاخىرىغىچە ئۆگەتتى ⑨.

---

1) ئىنقىراز — ئاخىرلاشتۇرۇش.

ئەبۇ نەسر ئەل - فارابى ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ، يوھاننا ئىبنى ھەيلاندىن مەنتىق ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئۇنىڭدا تاكى بۇرھان - ئىسپات قىسمىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇغان. بۇ يەردە ۋۇجۇدىيە بەسىلىلىرىدىن كېيىنكى قىسمى ئوقۇلمايدىغان بۆلۈم، دەپ يۇرىتلار ئىكەن. ئەھۋال شۇنداق قىلىنغىچە، تاكى ئەشۇ ئوقۇلمايدىغان بۆلۈم ئوقۇلىدىغان بولغانغىچە داۋام قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەت تاكى مۇسۇلمان ئالىملىرى قولىغا ئۆتكەنگە قەدەر سوزۇلدى. كېيىن ئاستا - ئاستا ئىنسان ئوقۇشقا قادىر بولىدىغان يېرىگىچە ۋۇجۇدىيە مەسىلىلىرى ئوقۇلىدىغان بولدى.

ئەبۇ نەسرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئارىستوتېلنىڭ «ئەل - بۇرھان كىتاۋى»نىڭ ئاخىرىغىچە مۇتالىئە قىلىپ چىقتى. ماڭا رەھمەتلىك تاغام رەشىدىدىن ئەبۇل - ھەسەن ئەلى ئىبنى خەلىپەنىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە قارىغاندا، ئەل فارابى ئەمىر - سەيفۇددەۋلە ئىبنى ھەمدان دەۋرىدە، ئۇنىڭ دەرگاھىدا 339 - يىلىنىڭ[10] رەجەپ ئېيىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆز ئىلمىنى باغداتتا ئەل - مۇقتەدىر دەۋرىدە يوھاننا ئىبنى ھەيلاندىن ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ زامانىدا ئەبۇ بەشىر مەتتا ئىبنى يۇنان دىگەن كىشى بىلىملىك ئىدى. بۇ كىشى ئەبۇ نەسردىن يېشى چوڭراق ئىدى. ئەبۇ نەسر بولسا، زېھىن يىگانە، شىرىن سۆزلۈك ئىدى. ئەبۇ بەشىر مەتتا ئەشۇ ئىبراھىم ئەل - مەرۋەزىدىن مەنتىق ئۆگەندى. ئەبۇ بەشىر بولسا، ئەل - رازى خەلىپىلىگى دەۋرىدە ھىجرى323 - بىلەن 329 - يىل (مىلادى 940 - 934 يىللار) ئارىسىدا ۋاپات بولدى.

يوھاننا ئىبنى ھەيلان بىلەن ئىبراھىم ئەل - مەرۋەزى ئىككىلىسى مەرۋىلىك بىر كىشىدىن ئۆگەنگەن ئىدى.

شەيخ ئەبۇ سۇلايمان مۇھەممەت ئىبنى تاھىر ئىبنى بەھرام ئەس — سىجىستانى[11] ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇقتۇرۇشىچە، يەھيا ئىبنى ئادىيى[12] شۇنداق خەۋەر بەرگەن. ئۇ «ئىساغوجى»[13] كىتاۋىنى مەتتا نەسرانىي دىنىدىكى بىر ئادەم قولىدا ئوقىدى. كاتېگورىيە ۋە بارىمانىيوسىنى[14] رۇبىل دىگەن ئادەمدە ئوقىدى. قىياس سىيللوگىزىمنى بولسا، ئەبۇ ھەسەن ئەل - مەرۋەزىدە ئوقىدى.... بۇنى مەن — ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئەئېيتىۋاتىمەن: تارىختا شۇ نەرسە باركى، ئەل - فارابى نوقۇل ئەبۇبەكر ئىبنى سىراج بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن، ئەبۇ نەسر ئەل - فارابى ئۇنىڭدىن نەھۋ ئۆگەنسە، ئىبنى سىراج ئەبۇ نەسردىن مەنتىقنى ئۆگىنىدىكەن. بەزىدە ئەل - فارابى شېئىرمۇ يازىدىكەن.

ئەبۇ نەسر ئەل - فارابىدىن سورىشىپتۇ:

— سىز چوڭ ئالىممۇ، ئارىستوتېلمۇ؟

— ئەگەر مەن ئەشۇ دەۋردە ياشىغان بولسام، مەن ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان بولاتتىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەبۇ نەسر.

كىشىلەرنىڭ ئەل فارابى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىگە قارىغاندا، ئۇ ھەمىشە:
— ئارىستوتىلنىڭ «ئەس - سامائ» - «فىزىكا»سىنى قىرىق مەرتىۋە ئوقۇدۇم. لېكىن يەنە قايتا ئوقۇشۇم كېرەك ...⑮ دەيدىكەن.
فارابى شېئرى:

ئەي بارلىق نەرسىلەر سەۋەپچىسى زات،
ھەممە پەيز - نۇرىڭدىن بولغاندى بۇنياد.1)
قاتمۇ - قات ئاسمان، ئورتىدادۇر يەر - دېڭىز،
ئۇلارغا ئىگە سەن، مەركەزى ئاباد.
پاناھ ئىستەپ كەلدىم، گۇناھكارىڭمەن،
كەچۈر، كۆپ خاتايىم، نۇقسانىم پات - پات.
پەيزىڭ ئەيلەسۇن رەببىم، تەبىئەت، -
ئۇنسۇرلار كىرىدىن ئۇنسۇرىم ئازاد.

ئەبۇ نەسىر يازغان باشقا شېئىرلاردىن بىرى:

كۆردۇم ئەھلى زامانىنى بېشى ئىگىلگەن ئانداق،
گېپىدە مەنا يوقتۇر تىلى غەلىز1) تومتوراق.
ھەر باشلىقتا بىر تەشۋىش؛ ھەر باشتا بار مۇسىبەت،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيۈمدىن چىقالماي تاقىتىم - تاق.
نامۇسىن ئاسرىماققا ئۆزلەتتە3) مەن پانادا،
مەن ئىززىتىمنى ئاسراپ، قانائەت قىلدىم ھەر چاق.
سەبىر - چىدام مەيىنى4) يىغىپ قويدۇم جامىغا،
كەفتىمدە5) ئۆ، نۇر ئەپشان6)، مەن ئاڭا بولدۇم ئورتاق.
بار دۆۋلىتىم ئىچەرمەن، مەي - شىشە ماڭا ئۈلپەت،
غۇلت - غۇلت ئاۋازى ناۋا، ئاڭلىسام دەيمەن كۆپراق.
بوشاپ قالغان دىيارلار، ئادەملەر سۆزلىرىدىن،
مىۋە تېرىپ ئالارمەن، يوقالغان بولمىسا مۇتلاق.

يەنە باشقا بىر شېئىرى:

يىراق يۇر بولسا باتىل، سۆزى يالغان،
ھەقىقەت تارقىتىپ كەت، بولسا ئىمكان.
بولمىدى بىزگە دۇنيا ئاباد ئۆي،

1) بۇنياد - ئاساش، ھۇل 2) قوپال، 3) ئادەملەردىن چەتلىشىش، يالغۇزلۇق،
4) شاراپ، 5) يەلكە، 6) نۇر - چاچقۇچى

بەس كېلەلمەي ئۆلۈمگە ھېچبىر ئىنسان.
كۈررىنغا چۈشكەن سىزدەقلار بىزمىكەنمىز؟
ئەلسال ـ ئەلسال[1] يوق بولۇرمىز شۇل زامان.
شۇ ئىكەن ھال بۇمۇ خالىسچىلىق[2] نىچۈن،
ئەرزىمەسكە بىر ـ بىرى بىرلە ھامان؟
جاندىن ئايرىلىش ئەلا ئەمەسمۇ، ھەي،
كۆتەرمەكىن بۇنچىۋالا تۈس ـ توپىلان؟!

---

1) يىلمۇ ـ يىل 2) قارىشىلاشماق.

## ئىزاھلار

① ئەرەپ مۇئەللىپلىرى ئەرەپ بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەجەم ـ پارسلار دەپ بىلىشكەن. شۇڭا، بۇ يەردىمۇ فارابىنىڭ ئەجدادىنى پارس دەپ خاتا ئېيتقان.

② ھازىرقى سۈرىيەنى قەدىمقى ۋاقىتتا شام ـ دەپ ئاتاشقان. ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا بۇ نام ئىشلىتىلىدۇ: لېكىن بۇ يەردە كۆپىنچە دەمەشىق شەھرىنى چۈشىنىمىز.

③ ئىبنى ئەل ـ كىفتىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئەل ـ ئامادى ئۇنىڭ زامانىدىشى. بۇ كىشى 551 ـ 631 ـ ھىجرى، 1156 ـ 1233 ـ مىلادىيە يىللىرىدا ياشىغان. ئۆزى قانۇنشۇناس، فەقىخ، مۇتەكەللىم، مەنتىقشۇناس پەيلاسوپ ئىدى. ئۆز تەخەللۇسىنى ئالغان. ئامادا دىگەن جايدا تۇغۇلۇپ، باغداتتا ھايات كەچۈرگەن. ئۇ شام، مىسىر قاتارلىق يەرلەردىمۇ بولغان. ئۇ دەمەشىقتە ۋاپات بولغان. دەمەشىق شەھرى يېنىدىكى قەسيۇن ناملىق تاغ ئېتىكىگە دەپنە قىلىنغان.

④ مىلادى 949 ـ يىلى.

⑤ مىلادى 950 ـ يىلى.

⑥ خەلىپە ئەر ـ رازى 934 ـ يىلى تەختكە چىققان.

⑦ بۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپ ئەمىر ۋە ئۇنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ئەبۇ نەسىرنى ھۆرمەت قىلاتتى دىمەكچى.

⑧ ئىبراھىم ئەل ـ مەرۋەزى — 850 ـ 920 ـ يىللار ئارىسىدا ياشىغان كۆرۈنەرلىك پەيلاسوپ.

⑨ بۇ يەردە «پەلسەپە سۆزى يۇنانچە...» دىگەن ئالدىدىراق ئۇچرىغان جۈملىدىن باشلاپ، تا شۇ يەرگىچە بولغان مەتىن ئەسلىدە ئەبۇ نەسىرنىڭ «پەلسەپە نامى، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەپلىرى» (ئەشۇ تەرجىمىدە كەلگەن 56 رەقەملىك ئەسەر) دىگەن ئەسىرىدىن پارچە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردىكى مەتىن مەزمۇنى م. م. خەيرۇللايۇپ ئۆزىنىڭ «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» (تاشكەنت، «ئۆزبېكىستان» نەشرىياتى 1971 ـ يىل 293 ـ 294 ـ بەتلەر)دە كەلتۈرۈلگەن «پەلسەپىنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى» رىسالىسىدىن دەپ بېرىلگىنىگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئۇنى خەيرۇللايۇپ قەيەردە ئالغانلىغىنى كىتاپىتا كۆرسەتمىگەن.

⑩ ھىجرى 339 ـ مىلادى ھىساۋاتى بويىچە 950 كە توغرا كېلىدۇ.

⑪ ئەس ـ سىجىستانى (983 ـ يىللاردا ھايات ئىكەن) بۇ كىشى «سىۋان ـ ئەل ـ ھىكمە» («ھىك

مەت سەمدىرى») ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى. ئۇنىڭدا ناھايىتى كۆپ ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالى بې-رىلگەن. كېيىن بۇ ئەسەرگە ئەبۇ ھەسەن ئەل ـ بەيھەقى (ۋاپاتى 1169 ـ يىلى) ئۇنىڭغا قوشۇمـ-چە قىلغان. بۇ ئەسەرنى ئۇ «تەتىممەت سىۋان ئەل ـ ھىكمە» («ھىكمەت ساندۇغىغا قوشۇمچە») دەپ ئاتىغان.

⑫ يەھيا ئىبنى ئەدى (894 ـ 975 ـ يىللار) فارابى دەۋرىدە ياشىغان. سۈرىيەنى ئەرەپ تىلىنى ياخشى بىلىدىغان مەنتىقشۇناس ئالىم. تەكرىتتە تۇغۇلۇپ، باغدادتا ياشىغان ۋە شۇ يەردە ۋا-پات بولغان. فارابىدىن تەلىم ئالغان.

⑬ بۇ يەردە فارابىنىڭ «ئىساغۇجى»، «ئىساگوگى»... «مەنتىققە مۇقەددىمە» ئەسىرىنى نەزەردە تۇتىۋاتىدۇ.

⑭ بارىمانىيۇس — مەنتىقىنىڭ بىر قىسمى — تەلقىن قىلىش بۆلۈمى.

⑮ شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ نەسىر ئوقۇيدىغان دۇئالىرىدىن دەپ ئىككى بەتلىك ھەر خىل دۇئالار كەلتۈرۈلگەن. مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، ئەبۇ نەسىر بۇ دۇئالارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەر ئىكەن. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ فارابى تەرجىمىھالى ياكى ئىجادى پائالىيىتىگە ئانچىۋالا ئالاقىسى بولمىغان-لىقى ئۈچۈن تەرجىمىدە تاشلاپ كەتتۇق. كېيىن تۆت بېيىت شېئىر كېلىدۇ. بۇ شېئىردىن كېيىن يەنە دۇئا كېلىدۇ. شېئىرلارنىڭ ئاۋۋالقىسى «ئەل كامىل» كېيىنكىسى «ئەل ـ باسىت» ۋەزنىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بەش بېيىت «ئەل ـ مۇتەقارىب» ۋەزنىدە يېزىلغان. مەن بۇ شېئىرنىڭ ئۆزبېكچە تىلى تەرجىمىسىنى كەلتۈرىمەن. بۇ شېئىرلاردىن كېيىن فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىزى-مىنى بېرىمەن.

تەييارلىغۇچى: ئا. روزى
م. زەيدى

## ھىكمەتلىك سۆزلەر

△ سىز ھوقۇق ھەم شۆھرەتكە ئىگە چاغدا، رەزىل كىشىلەر سىزگە ھەسەتخور-لۇق بىلەن ئالىيىپ قارىيالمايدۇ؛ ئەمما دەل شۇنداق كىشىلەرسىز يىقىلغان چاغدا ئەڭ زەھەرخەندىلىك قىلىدۇ.

— كرىلوپ

△ خوشامەتچىلىك ھەرگىز ئۇلۇغۋار قەلبتىن كېلىپ چىقمايدۇ، ئۇ پەقەتقىنە پەسكەش كىشىلەرنىڭلا ھۈنىرى، خالاس.

— بالزاك

# ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا

مايۇڭ

(جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بىلەن تونۇش. شۇنداق بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا زادى قايسى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئانچە ئايدىڭلاشمىغان بىر مەسىلە. ئېيتىلىشىدىنلا مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەندە، ئەلۋەتتە، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى كۆرسىتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن ئاتالغۇ شىمالىي ئاسىيا، شەرقىي شىمالىي ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيالارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان جۇغراپىيىلىك رايون توغرىسىدىكى ئاتالغۇ. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن بۇ ئاتالغۇغا تەبىر بەرگەن كۆپچىلىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە، بۇ رايون توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىڭ چېگرىسى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئەمەس، پەقەت تەخمىنى دائىرىدىلا سۈرەتلەپ بېرىلگەن. بۇ تەخمىنى دائىرە توغرىسىدىمۇ، ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسەن، تۆت خىل پىكىرگە بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچىسى، دائىرىسى ئەڭ كىچىك بولغان ئۇقۇم، ئۇ بولسىمۇ، پەقەت ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريا ۋادىسىنى ئوتتۇرائاسىيا دەپ قاراش؛ بۇ دائىرە تەخمىنەن پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستاندىن ئىبارەت تۆت جۇمھۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇقۇم، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا يۇقۇرىدا ئاتالغان رايونلاردىن تاشقىرى يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى، پۈتۈن ئافغانىستاننى ھەمدە ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قاراش؛ ئۈچىنچى خىل ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن رايونلاردىن تاشقىرى يەنە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستاننى، پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى

قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قاراش؛ تۆتىنچىسى دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان ئۇقۇم بولۇپ، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن رايونلاردىن تاشقىرى يەنە نېپال، سىككىم، بوتاننى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنى، چىڭخەينى ۋە گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالى قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قاراش.

ب. د. ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)نىڭ مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى 1979 - يىلى 6 توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»نى يېزىپ چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە بىر خەلقارا تەھرىر ھەيئىتىنى قۇرۇپ چىقتى. مەزكۇر تەھرىر ھەيئىتىنىڭ پىكرى بويىچە قارىغاندا بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن ساپ جۇغراپىيىلىك رايون ئۇقۇمى بولماستىن، بەلكى بىر مەدەنىيەت رايونى ئۇقۇمىدۇر. بۇ مەدەنىيەت رايونى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە كېڭىيىپ - تارىيىپ ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك چېگرىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەندە، ئۇنىڭ ھەر ھالدا بىر قەدەر ئېنىق بولغان مەركىزىي رايونىمۇ بولۇپ، ئاتالمىش ئۆزگىرىپ تۇردى دېيىلگىنى پەقەت ئۇنىڭ چەت - ياقا جايلىرىغا ياكى كېڭەيگەن جايلىرىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. ب. د. ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئافغانىستان، جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران، موڭغۇلىيە، پاكىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت يەتتە دۆلەتكە تەۋە رايونلار بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچىنچى خىل ئۇقۇمغا، ئومۇمەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بىز ئوتتۇرا ئاسىيانى بىر رايون قىلىپ ئايرىپ چىقىشتا، پەقەتلا ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىلا كۆزدە تۇتقان بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ رايوننىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، تارىخىي مۇناسىۋەتلىرى، مەدەنىيەت قىياپىتى قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە ئامىللار تەرەپتىن باشقا رايونلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىنىمۇ كۆزدە تۇتتۇق. بۇ نۇقتىدىن ئويلاشقاندا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۈچىنچى خىل ئۇقۇم دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونى قىلىش بىر قەدەر مۇۋاپىق، ئەمما ئۇنىڭ چېگرىسىنى پەقەت بىرلا سىزىق بىلەن سىزىپ چىقىشقا بولمايدۇ، بەلكى بىر قەدەر كەڭ جايلارنى ئۇنىڭ باشقا رايونلار بىلەن تۇتىشىپ كېتىدىغان چەت - ياقلىرى دەپ ھىساپلاشقىلا بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا — ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، تۆت تەرىپى ئوكيانلاردىن ناھايىتى يىراق بولۇپ، بىرتىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونى. گېئومورفولوگىك (يەر كۆرۈنۈشى) جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ رايوندا يايلاقلار، چۆل - جەزىرىلەر، دەشت - قىر ۋە ئېگىز تاغلىق جايلار بولۇپ، قاتناشقا قولايلىق ھەم نۇپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەپلىك بولغان كەڭ كەتكەن، تۈزلەڭلىكلەر تامامەن يوق، كىلـ

مات شارائىتى ئىنسانلارغا ئىنتايىن جاپالىق، كۆپچىلىك ئورۇنلىرىنىڭ كۈنلۈك ۋە
يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى چوڭ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز، بو-
ران - شۇۋرغان، تومۇز ئىسسىق، قېلىن قار ۋە مۇز قاتلاملىرىنى بۇ رايوننىڭ ھەممە
جايلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى كۆپچىلىك دەريالارنىڭ ئېقىنى تېز بولۇپ،
سۇ قاتنىشى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. تېخى نۇرغۇنلىرى پەسىللىك دەريالار. «دۇنيا-
نىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىدە قەد
كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ھىمالايا، قارا قورۇم، ھىندىقۇش، كۇئېنلۇن، تيانشان قاتارلىق
دۇنيا بويىچە بىرىنچى قاتاردىكى چوڭ تاغ تىزمىلىرىمۇ مۇشۇ رايونغا جايلاشقان.
كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا قولايلىق جايلار پەقەت چۆل - جەزىرىلەرنىڭ ئارىلىق-
لىرىدا ئاجرىلىپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان پارچە - پارچە بوستانلىقلار ۋە ئېگىز تاغ،
تىك چوققىلار ئارىلىغىدىكى بەزى تارجىلغىلار. ئاھالە جايلاشقان بۇ جايلار ئۇ يەرگە،
بۇ يەرگە جايلاشقان، نوپۇسى شالاڭ بولۇپ، قۇدرەتلىك سىياسى كۈچ بولۇپ شەكىللى-
نىشى ناھايىتى قىيىن. شۇڭا، تەبىئى شارائىتىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشىك -
تۈڭلۈگى ئېتىك، ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشقا تولىمۇ ئەپسىز بىر رايون،
ۋاھالەنكى، تارىخنىڭ تەرەققىياتى بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. ئىككى مىڭ يىلدىن ئار-
تۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋروپا ۋە ئاسىيا قۇرۇقلۇغىدىكى ھەر خىل
مەدىنىيەتلەر جەم بولغان رايونلار ۋە ئوخشاش بولمىغان جايلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتى-
سات، مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم كۆۋرۈك بولۇپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭجۇغراپىيىلىك
ئورنىدىن كېلىپ چىققان نەتىجىدۇر. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە خۇاڭخې، چاڭجياڭ
ئىككى دەريا ۋادىسىدىن ئىبارەت مەدىنىيەترايونى تۇرىدۇ؛ جەنۇبىدا ھىند دەرياسى،
گانگ دەرياسىدىن ئىبارەت مەدىنىيەت رايونى تۇرىدۇ؛ غەربىدە ئىران ئېگىزلىكى،
ئىككى دەريا ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئىبارەت مەدىنىيەت
رايونلىرى تۇرىدۇ؛ بۇ ئۈچ تەرەپتىكى مەدىنىيەت پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىقلا
ئۇچرىشىدۇ، تارقىلىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدا — موڭغۇ-
لىيە ئېگىزلىكىدىن جەنۇبىي رۇسىيە ياپلاقلىرىغىچە بولغان جايلار قەدىمدىن تارتىپ،
نۇرغۇنلىغان كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ پائالىيىتى ئەۋج ئالغان رايون بولۇپ، بۇ مىللەت-
لەر پات - پات كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى. بۇ كۆچۈش
جەريانىدا كۆپىنچە جەنۇپقا يۈزلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئېقىپ كىرەتتى. بۇ-
لارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى سكىتلار، چوڭ ياۋچىلار، ھۇنلار، ئاۋارلار، ئېفتالىتلار
(ۋاندالىلار)، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار قاتارلىق مىللەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق باشقا رايونلارغا قارىتا زور تەسىر كۆرسەتكەن.
شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا يەنە مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كېتىشىدىكى بىر چوڭ
ئوچاق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى تەرەپتىكى سەۋەپلەر تۈپەي-

لىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا تارىخىدىكى بىر مۇھىم سەھنە بولۇپ قالدى. بۇ يەرنىڭ تارىخى كونا قىتئەنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان. دېمەك، ئەگەر بىز ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلمايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا دۇنيا تارىخىنى ئەتراپلىق ئىگەللىيەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ زىچ. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، جۇڭگونىڭ چوڭ غەربىي شىمال رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ رايوننىڭ تارىخى ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ تارىخىنىڭ بىر مۇھىم تەركىۋىي قىسمىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ سىرتىدىكى رايونلىرىدىنمۇ جۇڭگو بىلەن ئۇزاق تارىخىي مۇناسىۋىتى بار. ھەممىگە ئايان بولغان «يىپەك يولى» نىڭ ھەر قايسى لىنىيىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، جۇڭگو بىلەن غەربىي ئاسىيا - ياۋروپا قىتئەسىنى ياكى جەنۇبىي ئاسىيانى ئالاقىلاشتۇرۇپ كەلگەن؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى مۇشۇ لىنىيىلەردە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى. جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى، پار - پۇر قاچىلىرى، چايلىرى ۋە رەۋەن قاتارلىق قىممەت باھالىق تاۋارلىرى مىڭلىغان يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ھالدا ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئۇ يەردىن يەنە باشقا رايونلارغا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى، جۇڭگونىڭ قەغەز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەرپكە تارقالغان ئىدى. بۇ كەشپىياتنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىدىن ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق باشقا جايلاردىن جۇڭگوغا كەلگەن نەرسىلەرمۇ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا زور تەسىر كۆرسەتتى، چەتتىن كىرگەن ھەرخىل دىنلار، مەسىلەن: بۇددا، ئاتەشپەرەسلىك، مانى، نېستورىيان ۋە ئىسلام قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن، بەلكى بۇ دىنلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاندىن جۇڭگوغا كىرگەن. بۇ دىنلارغا ئەگىشىپ يەنەمۇزىكا، ھەيكەلتاراشلىق، گۈزەل سەنئەت، ئارخىتېكتورا قاتارلىق باشقا مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىمۇ كەلدى. بۇ قويۇق ئوتتۇرا ئاسىيا تۈسىگە ئىگە بولغان مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ چوڭقۇر بولدى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىمىزكى، ئەگەر بىز ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلمىساق، ئۇ چاغدا ئۆز ئېلىمىزنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشىمىزمۇ ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر بولالمايدۇ.

XVIII ئەسىردىن بۇيان، غەرپ جاھانگىرلىك كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بولۇپمۇ رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە بۇ رايوندا كەسكىن كۆرەش ئېلىپ باردى. بۇ تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان چارلىغۇچىلار، ئالىملارمۇ توركۆملەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇنلىغان

تارىخىي ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى تاپتى ۋە سانسىزلىغان قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى توپلىدى. بۇلار ئەزەلدىن مەلۇم بولمىغان كۆپ خىلدىكى قەدىمقى ئۆلگەن يېزىقلاردا يېزىلغان ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قەدىمقى مەدەنىي مىراسلارنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى ھەمدە ئۇنى خەلقارا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان پەنلەرنىڭ بىرسىگە ئايلاندۇردى.

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقۇرى ئۆرلىدى؛ ئەمما ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ بۇ يەردىكى جاڭجاللىرىمۇ تېخىمۇ ئۇلغايدى. بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئافغانىستاننى بېسىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ پارس قولتۇغىدا ئامېرىكا بىلەن زومىگەرلىك تالىشىشى پۈتۈن دۇنيا نەزەر سېلىۋاتقان زور ۋەقە بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى دۇنيانىڭ تىنچ خاتىرجەملىكىنىڭ داۋاملىشالىشى ـ داۋاملىشالماسلىقىغا قارىتا زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئامىلدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان جۇڭگو بۇنىڭغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. شۇڭا بىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى تەتقىق قىلىپلا قالماي، بۇ رايوننىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەتقىق قىلىشنىمۇ كۈچەيتىشىمىز ھەمدە ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا قارىتا ئىلمىي مۆلچەر قىلىشىمىز لازىم. دەرۋەقە، ئۆتمۈشنى بىلمىگەندە، بۈگۈنكىنى ھەقىقىي بىلگىلى بولمايدۇ، ئەندى تارىخنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت ئاخىرقى ھېساپتا، ھازىرقى ھالەتنى ئېچىپ بېرىپ، كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ئۈچۈندۇر. ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ساۋاقلار بىزگە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئامانلىق ۋە خەتەرلىكلىكىگە قارىتا قانداق مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. دەل شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشنى جاراڭلىق مۇراجىئەت قىلغانلىغىمىز، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنى رېياللىقتىن ئايرىلغان پىل چىشى مۇنارىغا باشلاش ئۈچۈن ئەمەس. گەرچە، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق كاتېگورىيىسى ئىچىدە قارىماققا بەزى بەكمۇ ئاز ئۇچرايدىغان بىلىملەر بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق بىر ئونۋېرسال پەن تارىخى بولۇپ، بىر پۈتۈن ھالدا راۋاجلىنىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنى يۈكسەك سەۋىيىگە ئېرىشتۈرۈپ، رېياللىق بىلەن ھەقىقىي بىرلەشكەن ئىلمىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېقىندا، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ غەربىي شىمال رايونىنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە يوليورۇق چىقاردى. ئېلىمىزنىڭ چوڭ غەربىي شىمال رايونى ئالدى بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەل ئوتتۇرا ئاسىيارا-

يوتىغا كىرىدۇ. بىز بۇ يەردىكى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، بۇ يەرھەققىدىكى تەتقىقاتنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم. تەبىئىي پەنلەر جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپلا قالماي، بەلكى ئېتنوگرافىك پەنلەر جەھەتتىكى تەتقىقاتنىمۇ كۈچەيتىشىمىز زۆرۈر. بۇ يەرنىڭ تارىخىي، مەدەنىيىتى، مىللەتلىرى، دىنلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق جەھەتلىرىنى ئەتراپلىق ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن بۇ يەردىكى قۇرۇلۇش توغرىسىدا ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ ئۈنۈملۈك لايىھىنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ. بىر مىسال كەلتۈرسەك، شىنجاڭدىكى چۆللۈكلەر ئارىلىقىدىكى بوستانلىق جايلاردا قار سۈيى بىلەن سۇغۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەجرىبىلىرى بار. بۇ تەجرىبىلەرنىڭ قايسىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقتى، قايسىلىرى مەغلۇپ بولدى؛ ئۇنىڭ ئورمانلىق ۋە يايلاقلارغا تەسىرى قانداق بولدى؛ چارۋىچىلىققا تەسىرى قانداق بولدى؛ يەر ئاستى سۇلىرىغا تەسىرى قانداق بولدى، دېگەنگە ئوخشاش بۇ خىلمۇ - خىل مەسىلەرنى يالغۇز قىسقا مەزگىللىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ياكى تەجرىبە ئېلىپ بېرىشقىلا يۆلىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بەزى تارىخىي ساۋاقلارغا بىر قانچە يۈز يىل، ھەتتا بىر قانچە مىڭ يىللار ئارقىلىق ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا، قۇملۇقلاردا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمقى يۇرتلار ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارنى ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئۇلارنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەرلەردە قۇملۇقلارنى تىزگىنلەش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بار. شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىي تەجرىبىلىرىگىلا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تەبىئىي شەرت - شارائىت جەھەتتە ئۆز ئورتاقلىقىغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئوخشاشلا مەملىكىتىمىز سىرتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىمۇ ئېلىپ كېلىپ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش تارىخى بىزنىڭ كەڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى قۇرۇلۇشىمىزنىڭ يىراق كەلگۈسى پىلانىنى تۈزۈشىمىزدە پايدىلىنىشىمىز زۆرۈر بولغان ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ رېيال ئەھمىيىتى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرسەتتۇق، خالاس.

ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II - ئەسىردە بۈيۈك تارىخشۇناس سىماچيەن جاڭ چيەننىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلىنىپ، «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ ئىچىدىكى غەربىي رايون تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇنى دۇنيادا ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىلمىي ئەسەر دەپ

ھېساپلاشقا بولىدۇ. ئەنئەنىۋى «يىگىرمە تۆت تارىخ»نىڭ كۆپچىلىك قىسىملىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى توغرىسىدا مەخسۇس سەھىپىلەر بار. جۇڭگو تارىخىدا يەنە فاشيەن، سۇڭ يۈن، شۈەنجۇاڭ، ۋۇكۇڭلارغا ئوخشاش مەشھۇر ساياھەتچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئېلىپ بارغان ساياھىتى جەريانىدىكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك ئالىملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئاساسلىق ماتېرىياللار بولۇپ قالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن بۇيان، رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆزلىرىنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىنى بارغانسېرى ئۇزۇن سۇنغانلىقى سەۋەبلىك، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونى ئۇلارنىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن تەلمۈرىدىغان يېرى بولۇپ قالدى. نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئالىملار بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەنسىرىدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن غەربىي شىمالنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى ئىلىمنى زور ئىشتىياق بىلەن تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلدى. مەسىلەن: شۈي سۇڭ، ۋېي يۈەن، گۇڭ زىجېن، لىن زېشۈي قاتارلىق ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرىدۇر. كېيىنكى زوزۇڭتاڭ بولسا، دەل شۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن غەربىي شىمالنى تەتقىق قىلىشقا زور كۈچ بىلەن كىرىشتى. غەربىي شىمالدىكى قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قەتئىي قايتۇرۇۋېلىشنى ئۆز مەجبۇرىيىتى قىلىپ، ئاخىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياقۇپبەگ باندىتلىرىنى بىر يولىلا تىنجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشىغا ئاساس ياراتتى. شىنجاڭنىڭ جاھانگىرلارنىڭ يۇتۇۋېلىشىدىن ساقلىنىپ قېلىشى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنە شۇنداق كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر ئالىملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە جۇغراپىيەشۇناسلىقى تەتقىقاتىنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئازاتلىق ئەرپىسىگىچە، مىللىتارىستلار ھاكىمىيىتى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چىرىك ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلىدىن، جاھانگىر ئۇنسۇرلار ھەر خىل قىياپەتتە تۈركۈملەپ شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ، شىزاڭ قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، ھەر خىل قانۇنسىز ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالدى. بۇ ھەركەتلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىرى شۇكى، ئۇلار كۆپلىگەن قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. ئەڭ مەشھۇر دۇڭخۇاڭ غەزنىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ يادىكارلىقلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، ئۇزۇندىن بۇيان چەتئەل ئالىملىرىنىڭ مونوپولىيىسىدە بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ئاچقان بۇ بىر يېڭى گۈلزارلىقتا روشەنكى، بىرىنچى قامچىنى چەتئەللىك ئىلىم - پەن خادىملىرى كۆتۈرىۋالدى. يېقىنقى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى دۇنيادا ئەڭ سەزگۈر رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقتىن، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەم كۈچىنى

تەشكىللەش ۋەمالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىش جەھەتلەردە ئالاھىدە ئاكتىپلىق كۆرسەتمەكتە.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇشۇ بىر باسقۇچتا، خەلقارا
ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىش كەيپىياتى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. چۈنكى، ئوتـ
تۇرا ئاسىيا شۇناسلىقنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىيالى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ
ئۈچۈن كۆپ خىل تىل - يېزىقلارنى ئىگەللەش لازىم بولىدۇ. ئاز ساندىكى ئالىملار،
ھەتتاكى مەلۇم بىرلا دۆلەتنىڭ ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقنى ئۆز ئالدىغا
تەنھا تەتقىق قىلىمەن دېسە، ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچكېلىشى تۇرغانگەپ.
بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، يوشۇرۇشۇپ، ماتېرىياللارنى ئايرىم ھالدا مونوپول قىلىۋېـ
لىشلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان ئەخمىقانە قىلىقلار-
دۇر. شۇڭلاشقا، خەلقارا ھەمكارلىق كەيپىياتى ئىچىدە ماتېرىياللارنى ئاشكارا تۇتۇش
ۋە ئۆز - ئارا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىمۇ خېلىلا ئومۇملىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسـ
لىقنىڭ تەرەققىياتىغا زور پايدىلىق بولماقتا. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز سىرتىدىكى ئوتـ
تۇرا ئاسىياشۇناسلىق، مۇھىمى، تۆت جەمىيەتكە مەركەزلەشمەكتە: 1. ھازىرقى ئەھۋالـ
نى تەتقىق قىلىش؛ 2 - ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش؛ 3 - تىل ۋە يېزىقلارنى تەتقىق
قىلىش؛ 4 - مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش. بۇ تۆت جەمىيەتتىكى تەتقىقاتتا
مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمما سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى تارىخى ۋە مىللەتلەر تارىخى جەھەتلەردە تېـ
خى بۆسۈشلەر كۆرۈلمىدى. ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئالىملار قالدۇرۇپ كەتكەن ياكى
توپلىنىپ قالغان بەزى زور مەسىلىلەرگە قارىتا تا بۈگۈنگىچە ئىلگىرىلىگەن ھالدا
جاۋاپ بېرىلمىدى. بۇ جەھەتلەردە مەملىكەت سىرتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلارنىڭ
يوشۇرالمايدىغان ئەجەللىك بىر ئاجىزلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى خەنزۇ تىل -
يېزىغىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى تارىخىغا نىسبەتەن، بىرىنچى
دەرىجىلىك مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغان قەدىمقى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن بىۋاستە
پايدىلىنالمايدۇ. شۇنداقلا، يەنە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا
ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ھەم غەمخور-
لۇقىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقى ئۇچقاندەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە مىللەتلەرنى تەكشۈرۈش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەر
ئىشلەندى. مول، يېڭى ماتېرىياللار توپلاندى. بولۇپمۇ، پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك
3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقىمۇ ئوخشاشلا ئۇچقاندەك ئىلـ
گىرىلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىياشۇناسلىرى ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە مەسىلەن، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر، تەر-
جىمە، ماتېرىياللارنى رەتلەش، ئارخېئولوگىيە، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، چارلاش قا-

تارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؛ بولۇپمۇ بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار يۈكسەك چوققىغا چىقىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ساھەسىدىكى بەزى قىيىن مەسىلىلەرگە ھۇجۇم قىلماقتا. بۇلار كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدىغان ھادىسە. ۋاھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بىر سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇش ئېتىۋارىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىرىمىزنىڭ سانى يەنىلا ئازراق، كۈچىمىز يەنىلا ئاجىزراق بولۇپ تۇرماقتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كەڭ غەربىي شىمال رايونىنى گۈللەندۈرۈش چاقىرىقى ئالدىدا، نۆۋەتتە، مەملىكەت سىرتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقنىڭ جۇشقۇن تەرەققىياتى ئالدىدا، بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىقىمىز روشەنكى، رېئال ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتىن تېخى ناھايىتى يىراقتا تۇرماقتا. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇشقا چاقىرىشىمىز لازىم.

(«ئېنسىكلوپېدىك بىلىملەر» ژورنىلىنىڭ 1984 - يىلى 1 - سانىدىن ئېلىندى).

ز. سادىق تەرجىمىسى

# داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى ۋە تۇرپان، دۇڭخۇاڭ مەدەنىيىتى

ماھەنلىي

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بەزى ياۋروپا مەملىكەتلىرى ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالى رايونلىرىدا بىر قاتار تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى ھەمدە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قەدىمىي ئىسىل بايلىقلارنى ئېلىپ كەتتى. بۇ دۇنيا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1899-يىلى رىمدا ئېچىلغان 12 - قېتىملىق خەلقارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، مەركىزىي ئاسىيانى تەكشۈرۈش خەلقارا تەشكىلاتى تەشكىل قىلىش قارار قىلىندى. 1902 - يىلى ھامبورگدا يەنە 13 - قېتىملىق خەلقارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى ئېچىلىپ، يىغىندا «مەركىزىي ئاسىيا ۋە يىراق شەرق تارىخى، ئارخېئولوگىيىسى، تىلى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى» تەشكىل قىلىندى①. بۇ ئىككى قېتىملىق يىغىندا، بىر مۇنچە مەملىكەت ئالىملىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش كەشپىياتلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى رايونلىرى دۇنيا شەرقشۇناسلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تېخىمۇ كۆز تىكىدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالدى. شۇندىن ئېتىبارەن ھەر قايسى مەملىكەتلەر تەشكىل قىلغان ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، قىدىرىپ - تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا ئۆزلۈكسىز كېلىپ تۇردى. مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىغا مۇنداق بەس - بەس بىلەن كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قىزغىنلىقى، بىر تەرەپتىن، مەملىكىتىمىزنىڭ باي ۋە خىلمۇ - خىل تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ غايەت زور جازىبىلىك كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگوغا مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى يۈرگۈزۈش ھەركىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا، مۇنداق تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان بەزى ئادەملەر چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن جاسۇسلۇق ھەركىتى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىلگەن تاجاۋۇزچى، كېڭەيمىچى ئۇنسۇرلار ئىدى. قېدىرىش، تەكشۈرۈشكە قاتناشقان يەنە بەزى ئالىملارمۇ، گەرچە ئىلمىي تەكشۈ-

روشەنى ئاساس قىلىسمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى شۇ شارائىتتا ئاتاقلىق ۋە ئاتاقسىز تۈردە مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىغا زور دەرىجىدە زىيان سالدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى تەكشۈرگۈچىلەر مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىي رايونىنىڭ جۇغراپىيىسى، تارىخى، ئارخېئولوگىيىسى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقات ئىشلىرىدا ھەقىقەتەن نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى تەتقىقاتىدا مۇھىم بىر سەھىپە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ماقالىمىزدا ياپونىيىلىك داگۇگۋاڭرۇي ئېكىسپېدىتسىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ۋە تۇرپان، دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدىكى بەزى كەشپىياتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئىشلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. 3 قېتىملىق تەكشۈرۈش ھەققىدە قىسقىچە بايان

ياپونلۇقلارنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىنى تەكشۈرۈشى ياۋروپاغا قارىغاندا كېچىرەك بولسىمۇ، لېكىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن، ئەكسىچە، باشقىلاردىن كېيىن چىققان قولىقىنى كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئۆتۈپ كەتتى. ياپونلۇقلارنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيىلىرى ئىچىدە، تەسىرىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئىگە بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە، داگۇگۋاڭرۇي ئۇيۇشتۇرغان ئېكىسپېدىتسىيە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

داگۇگۋاڭرۇي ياپونىيىدىكى «پاك زېمىن» مەزھىپى، غەربىي بىگيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ 22 - ئەۋلات پېشۋاسى. 1900 - يىلى لوندوندا ئوقۇغان. ئۇ ياۋروپالىقلارنىڭ مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىي رايونلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى بىر قەدەر چۈشىنەتتى. ئىككى قېتىملىق خەلقارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى ۋە ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىنى تەكشۈرۈش قىزغىن دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئەينى يىللاردا ئاران 27 ياشتىكى داگۇگۋاڭرۇيدۇ مۇناسىۋەتلىك ئېكىسپېدىتسىيە ئۇيۇشتۇرۇش قارارىغا كېلىپ، ياپونلۇقلارنىڭمۇ بۇ قىزىق دولقۇنغا قېتىلىپ كىرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

داگۇگۋاڭرۇي 3 قېتىم ئېكىسپېدىتسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى تەكشۈرگەندە، ئۆزى پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قانچە يەرلەرگىلا بېرىپ، قىسقا مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيۇشتۇرغان 3 قېتىملىق داگۇگۋاڭرۇي ئېكىسپېدىتسىيىسى قەدىمقى بۇددا مەركىزى خوتەن دۆلىتىنى نۇقتىلىق ھالدا قايتا - قايتا تەكشۈرگەن. كۇچار ئەتراپىدىكى مىڭ ئۆيىنى، شۇنىڭدەك

تۇرپان، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق بۇددا خارابىلىرىنى ھەممە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي يولىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈپ چىققان.

1902 - يىلى 8 - ئايدا، داگۇگۇاڭرۇي لوندوندا دۇبىيەنجېشىن، چۇي شيەنشۇڭ، بىن دوخۇيلۇڭ، جىنشياڭ خۇڭيۇەن ۋە ئۆزى بىلەن 5 كىشىلىك ئېكسپېدىتسىيە تەشكىل قىلىپ، لوندوندىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە كەلدى. بۇ يەردىن ئۇدۇل قەشقەرگە باردى. قەشقەردە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، جەنۇپقا مېڭىپ يەركەنت ئارقىلىق تاشقورغانغا باردى. داگۇگۇاڭرۇي، بىن دوخۇيلۇڭ، جىنشياڭ خۇڭيۇەنلەر بىلەن داۋاملىق جەنۇپقا مېڭىپ كەشمىرگە كىردى. ئاندىن ھىندىستانغا بېرىپ، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس خارابىلىرىنى زىيارەت قىلدى. دۇبىيەنجېشىن ۋە چۇي شيەنشۇڭلار يەركەنتكە قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭدا داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئىككىسى ئىلگىرى - ئاخىر خوتەن ۋە كۇچار ئەتراپلىرىغا باردى ھەممە كۇچار قىزىل مىڭ ئۆي ۋە قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنى 4 ئايغا يېقىن تەكشۈردى. ئۇلار ئىككىسىمۇ باشقا چەتئەللىكلەرگە ئوخشاش ئۆڭكۈرلەردىكى بەزى قىممەتلىك تام سۈرەتلىرىنى ئويۇپ ياپونىيىگە ئېلىپ كېتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرىغا ناھايىتى زور زىيان يەتكۈزدى. ئۇلار كېيىن يەنە كورلا، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق يەرلەرنى ئارىلاپ، گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى ئارقىلىق 1904 - يىلى ياپونىيىگە قايتىپ كەتتى. ھەممىسى بولۇپ بىر يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.②

3 يىلدىن كېيىن داگۇگۇاڭرۇي يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا 2 - قېتىملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئويۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ھەركىتىنىڭ ئەمەلىي قاتناشچىلىرى 17 ياشلىق جۇيدۇەنچاۋ بىلەن 26 - 27 ياشلاردىكى يېسۇڭ رۇڭسەنلاڭ ئىدى.

1908 - يىلى 6 - ئايدا، ئۇلار توكيودىن بېيجىڭغا كېلىپ، شىمالدا ئۇلانباتۇرغا باردى. ئۇلاستاي، قوبدو ئارقىلىق جەنۇپتا ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۇ يەردىن تۇرپانغا باردى. ئۇلار بۇ يەردە يارغول كونا قەلئەسىنى، قوجو كونا شەھىرى قاتارلىق خارابىلارنى ۋە نۇرغۇن قەدىمىي قەۋرىلەرنى تەكشۈردى ھەممە ئۇلارنى ئېچىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتتى. ئاندىن غەربىي جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ كورلىغا بارغاندىن كېيىن، ئىككىسى بۆلۈنۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش يولى دەل يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي يولىنى بويلاپ، تەكلىماكاننى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇلار يولبويى روران، نىيە، خوتەن خارابىلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەردە قوشۇلۇپ، يەنە ئەتراپتىكى خارابىلارنى ۋە تاش ئۆڭكۈرلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئىككىسىنىڭ سەپىرىنى بىرلەشتۈرگەندە، ئۇلار پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنى ئايلى-

نىپ چىققان ئىدى. 1909 - يىلى 11 - ئايدا، ئۇلار شۇ چاغدا كەشمىردە تۇرۇۋاتقان داگۇگۇاگروۋي بىلەن قوشۇلدى. جۇيدۇەنچاۋ داگۇگۇاگروۋي بىلەن بىرلىكتە لوندونغا بېرىپ، 2 - قېتىملىق داگۇگۇاگروۋي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ھەركىتىنى ئاياقلاشتۇردى.

داگۇگۇاگروۋي لوندونغا بارغاندىن كېيىن، دەرھال مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى 3 - قېتىم تەكشۈرۈش ئىشىنى پىلانلىدى. 2 - يىلى ئۇ جۇيدۇەنچاۋنى خوبۇس ناملىق بىر ئەنگلىيىلىك ئادەم بىلەن ئەۋەتىپ، لوندوندىن مەملىكىتىمىزنىڭ چۆچەك رايونىغا كىرگۈزدى. ئۇلار 1910 - يىلى 10 - ئاي ئىچىدە ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ قېتىم جۇيدۇەنچاۋ ئاساسەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ ئاۋال تۇرپانغا باردى. بۇ يەردە مەشھۇر ئاستانە قەدىمىي قەۋرىستانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىپ، نۇرغۇن قەدىمىي ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كەتتى. 12 - ئايدا ئۇ يەنە لوپنۇر رايونىغا بېرىپ، روران خارابىسىنى داۋاملىق تەكشۈردى. 1911 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا، چەرچەندىن چىقىپ، كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا باردى. ئاندىن بۈگۈر ئارقىلىق كۇچارغا باردى. بۇ يەردە ئەنگلىيىلىك ھەمراسى خوبۇسنىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ، ئۇنى دەپنە قىلدى. ئاندىن ئايلىنىپ خوتەنگە ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ شىمالى بىلەن گەنسۇغا بارماقچى بولغان ئىدى. لېكىن ئىككى قېتىم كۇئېنلۇن تېغىغا كىرىپ، قاتتىق قىيىنچىلىق تارتقانلىقى ئۈچۈن ئىلگىرىلىيەلمەي قايتىپ چىقىپ، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىنى بويلاپ، گەنسۇغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ دەل شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغان ۋاقىت ئىدى. شۇڭا، داگۇگۇاگروۋي ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، 1911 - يىلى 5 - ئايدا، جىچۇەن شياۋيىلاڭنى مەخسۇس دۇڭخۇاڭغا بېرىپ ئۇنى ئىزلەشكە ئەۋەتتى. 1912 - يىلى 1 - ئايدا جىچۇەن شياۋيىلاڭ ئۇنىڭ بىلەن دۇڭخۇاڭدا ئۇچراشتى. 1914 - يىلى جىچۇەن شياۋيىلاڭ يەنە مەخسۇس سەپەر قىلىپ، دۇڭخۇاڭغا كەلدى. ئۇلار دۇڭخۇاڭ بۇددا نومىلىرى ساقلانغان ئۆڭكۈردىن نۇرغۇن كىتاپلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن تاشقىرى، يەنە دۇڭخۇاڭ تاش ئۆڭكۈرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە سۈرەتكە ئالدى ۋە تەكشۈردى. بۇ ماتېرىياللار كېيىن ياپونىيە لۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي ئەللەرنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىدە ساقلاندى ③. داگۇگۇاگروۋي ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ دۇڭخۇاڭنى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ياپونىيە ئىلىم ساھەسىنىڭ دۇڭخۇاڭنى تەتقىق قىلىش قىزىق دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كېيىن ياپونىيە دۇڭخۇاڭشۇناسلىقى دۇڭخۇاڭ ھۆججەتلىرى، تاش ئۆڭكۈر، تام سۈرەتلىرى، يەر ئاستىدىن چىققان رەسىملىك سەنئەتتە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە خېلى يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنى داگۇگۇاگروۋي ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن مەدىنىي يادىكارلىقلىرى ۋە ماتېرىياللىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دۇڭخۇاڭنى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جۇيدۇەنچاۋ بىلەن جىچۈەن شياۋيىلاڭ ئىلگىرى - ئاخىرى قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا يېڭى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاندىن جۇيدۇەنچاۋ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، موڭغۇلىيە، رۇسىيە سىبىرىيىسى ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتتى، شۇندىن كېيىن، جىچۈەن شياۋيىلاڭ دۆلىتىمىزدە قېلىپ داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ نۇقتىلىق ھالدا تۇرپان ئەتراپلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، يەنە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىنى بويلاپ، قارا شەھەر، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قېدىرىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاندىن يەنە شەرقىي جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ، يەركەنت، خوتەن قاتارلىق جايلارغا باردى. ئۇ يەنە خوتەن دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىنى ئۇزۇنىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالدا مەڭگۇ قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان مۇزات داۋىنىدىن ئېشىپ، 1913 - يىلى 10 - ئايدا ئىلىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ، 1914 - يىلى 1 - ئايدا قايتىش سەپىرىگە چىقتى. داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىي رايونىغا بولغان 3 - قېتىملىق قېدىرىش - تەكشۈرۈش ئىشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

ياپونىيىلىك داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ 3 قېتىملىق تەكشۈرۈشى 1902 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە، ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالغان 3 يىلنى ھېساپقا ئالمىغاندا، 10 يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاياق ئىزلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى ئاساسىي شەھەر ۋە كەنتلەرگە ۋە قەدىمىي خارابىلارغا قەدەر باردى ھەمدە گەنسۇدىكى دۇڭخۇاڭنى كۆپ قېتىم تەكشۈردى. ئۇلار ئېلىپ كەتكەن قەدىمىي ھۆججەتلەردىن لوڭگو ئونىۋېرستېتىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىدىلا 7733 پارچىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىكى ھۆججەت 4380 پارچە، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت 973 پارچە، سانسكرىت، زاڭزۇ، غەربىي تاڭغۇت، موڭغۇل يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر 445 پارچە بولۇپ، خەنزۇ يېزىقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى يېزىقى بىلەن يېزىلغان تام ھۆججەتلىرى 530 پارچىغا يېتىدۇ. بۇندىن تاشقىرى يەنە قاروشتى يېزىقى، خوتەن يېزىقى، قاراشەھەر يېزىقى، كۇچار يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىكى ھۆججەتلەر، ياغاچ تارشا پۈتۈكلىرىمۇ كۆپ. ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن مەملىكىتىمىزدىن يۆتكەپ - باغلاپ ئېلىپ كېتىلگەن يەنە نۇرغۇن قەدىمىي ياغاچ تارشا پۈتۈكلىرى، تام سۈرەتلىرى، ئويما ھەيكەللەر، يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە باشقا ھەرخىل مەدەنىي يادىكارلىقلار بار.

ئېكسپېدىتسىيىگە قاتناشقان ئەزالارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى يازدى. ئۇلار ئىگە بولغان ھەرخىل ھۆججەت ۋە

موناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ياپونىيىنىڭ مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىي رايونى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى.

ئېكسپېدىتسىيە قولغا چۈشۈرگەن بىر قىسىم ئاسارە ـ ئەتىقىلەردىن، كېيىنكى ۋاقىتتا «غەربىي ئەللەر ئارخېئولوگىيىسى ھەققىدە رەسىملەر توپلىمى» ناملىق كىتاپ تۈزۈپ چىقىلدى. كىتاپ ئىككى توم بولۇپ، 1915 ـ يىلى نەشر قىلىندى. قېزىش-تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى، تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى قاتارلىق ئەسەرلەردىن «غەربىي ئەللەر توغرىسىدا يېڭى خاتىرىلەر» ناملىق كىتاپ تۈزۈپ چىقىلدى. كىتاپ ئىككى توم بولۇپ، 1937 ـ يىلى نەشر قىلىندى.جۇيدۇەنچاۋ ئۆزى ئىگە بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن «ئېرلى توپلىمى (二乐从书) تۈزۈپ چىقتى. كىتاپ 4 توم بولۇپ نەشر قىلىندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئالىملىرى «غەربىي ئەل مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» تەشكىل قىلىپ، داگۇگۋاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى سېستىمىلىق رەتكە سېلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، 1958 ـ يىلى 1962 ـ يىللىرى ئارىلىغىدا ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن «غەربىي ئەللەر مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەرنى نەشر قىلدى. ئەسەر 5 توم (6 قىسىم) بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئونلىغان مۇناسىۋەتلىك ياپون ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن ئىدى. يۇقۇرقى نەتىجىلەر داگۇگۋاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى 3 قېتىم قېزىش ـ تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىگە بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ بۇددا شۇناسلىق، تارىخ، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت ۋە گۈزەل سەنئەت جەھەتلەردىكى قىممىتىنىڭ ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە بايان قىلىنىشىدۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، ياپونلۇقلارنىڭ مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىي رايونىغا بولغان تەكشۈرۈش ھەركىتى ھەرگىز داگۇگۋاڭرۇي ئۇيۇشتۇرغان 3 قېتىملىق تەكشۈرۈشلا ئەمەس. داگۇگۋاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسىدىن ئىلگىرىمۇ بولغان، كېيىن تېخىمۇ كۆپ بولغان ئىدى. مەسىلەن: رىيېچياڭ، لىنچۇشيەنسلاڭ، فۇداۋسىلاڭ قاتارلىقلار مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىي رايونىدا ئىلگىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. رىيېچياڭ «ئىلى سەپەرخاتىرىسى» قاتارلىق كىتاپلارنى يازغان (ئىككى توم، 1909 ـ يىلى نەشر قىلىنغان). لېكىن داگۇگۋاڭرۇي ئۇيۇشتۇرغان مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىنى 3 قېتىملىق قېزىش ـ تەكشۈرۈشنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئىدى.

## 2 ـ بۇددا خارابىلىرىنى زىيارەت قىلىش

داگۇگۋاڭرۇي دارماكاريا (بۇددا ئۇستازلىرى) بولۇش سۈپىتى بىلەن نىمە ئۈچۈن قايتا ـ قايتا ئېكسپېدىتسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىنى تەكشۈرىدۇ؟ ئۇلار بۇ يەرلەرنى تەكشۈرۈپ نىمە مەقسەت

گە يەتمەكچى؟ ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسىدىكى ئەزالارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا،
ئۇلارنىڭ بۇ تەكشۈرۈشى بۇددىزىم تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىۋاستە مۇناسـ
ۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشى، شۇنداقلا، بۇددا خارابىـ
لىرىنى بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن.

قەدىمقى ياپونلۇقلار دەسلەپ ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ دەپ قارايدىغان
شىنتوئىزىم دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى، بۇددا دىنىنىڭ ياپونلارغا قاچان كىرگەنلىكى
ئانچە ئېنىق ئەمەس. بەزى بۇددا تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشچە، لياڭ خاندانـ
لىقىنىڭ خانى لياڭ ۋۇدى （梁武帝） پۇتۇڭ （普通） سەلتەنەت يىلىنىڭ 3 ـ
يىلى (مىلادى 522 ـ يىلى) ياپونىيىنىڭ داخېبەنيۈەن دىگەن يېرىدە بىركەپە ئىـ
بادەتخانىسى سېلىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان. ئاۋال سىمادانىڭ قىزى سى ماـ
داۋ راھىبە بولۇپ چىقىپ كېتىپ، پاك دىل راھىبە دەپ ئاتالغان، سى مادانىڭ ئوغـ
لىمۇ راھىپ بولۇپ چىقىپ كېتىپ، پەزىلەتلىك راھىپ دەپ ئاتالغان. مانا بۇ ياپوـ
نىيىدە راھىپ ۋە راھىبەلىكنىڭ باشلىنىشى ئىدى④. ئەلۋەتتە، بۇنى بۇددادىنى كىـ
رىشىنىڭ باشلىنىشى دىيىشكىمۇ بولاتتى. مىلادى 552 ـ يىلى چاۋشيەنىنىڭ جەنۇبىي
قىسمىدىكى بېيجى دۆلىتىنىڭ خانى شېنمىڭ خان يەنە ئەلچىلىرى ئارقىلىق ياپوـ
نىيىگە بۇددا ھەيكىلى ۋە بۇددا دەستۇرلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئەۋەـ
تىپ بەرگەن⑤. بۇددا دىنىنىڭ ياپونىيىدە تارقىلىشىغا بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ
بولغان. لېكىن بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا نىسبەتەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ياپون ھۆـ
كۈمران گۇرۇھى ئىچىدە كەسكىن زىددىيەت بار ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇددا دىنىنى
قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى گۇرۇھ غەلىبە قىلىپ، بۇددا دىـ
نى ياپونىيىدە تارقىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ، 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان،
ياپونىيە «تاڭ سۇلالىسىغا بىر قانچە قېتىم ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن»، ئۇلار جۇڭگوغا
كېلىپ قايتقاندا، ياپونىيىگە جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن
بىرلىكتە، جۇڭگودا تارقالغان بۇددا مەزھەپلىرىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ،
بۇددادىنى ياپونىيىدە كەڭ تارقالغان ۋە دۆلەت دىنىغا ئايلانغان. مانا مۇشۇنداق
بىر مۇناسىۋەت بىلەن، ياپون بۇددىستلىرى ئومۇمەن، ياپونغا بۇددادىنى ئاساسەن
جۇڭگودىن كىرگەن دەپ قارايدۇ.

داگۇگۇاگرۇي ئېتىقات قىلغان ھەقىقى دىن جۇڭگونىڭ （往生净土法门）
(ئۆلگەندىن كېيىن، تىرىلىپ پاك دۇنياغا بېرىش) نەزىرىيىسىدىن كېلىپ چىققان.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇنداق بۇددا ئەھكاملىرى （法门）① شەرقىي جىن خانـ
لىقىدىن باشلىنىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە جۇڭگودا ھەقىقىدىن رەسمىي
بەرپا بولغانمىش. تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ھەقىقىدىن ياپونىيىگە كىرىپ،

① بۇددا ئەھكاملىرى （法门） ــ قىسىملارغا بۆلۈپ بايان قىلىنغان بۇددا ئەھكەملىرى.

12 ـ ئەسىردە، ياپونىيىدە ھەقىقىي دىن بەرپا بولغان ئىكەن. بۇ دىن ياپونىيىدە ئىنـ
تايىن راۋاج تېپىپ كېيىن يەنە پارچىلىنىپ، بىڭيۇەن ئىبادەتخانىسى مەزھىبى كېلىپ
چىققان ئىكەن. داگۇگۇاگرۇي دەل مانا شۇ ھەقىقىي دىن بىڭيۇەن ئىبادەتخانىسى مەزھەـ
بىي غەربىي بىڭيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ 22 ـ ئەۋلات پېشىۋاسى ئىدى. بۇددادىنى
ياپونغا جۇڭگودىن كىرگەن بولغاچقا، ياپونلۇقلارمۇ بۇددادىنىنىڭ جۇڭگودىكى تەـ
رەققىيات ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى.

خوش، بۇددادىنى جۇڭگوغا قانداق كىرگەن؟ مەملىكىتىمىزنىڭ بىر مۇنچە ئەـ
سەرلىرىدە، بۇددادىنىنى جۇڭگو ۋەچەتئەل راھىپلىرى ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيادىن
مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە بىۋاستە ئېلىپ كىرگەنلىكى، شۇنىڭدەك،
مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى راھىپ
لارنىڭ بۇددا نوملىرىنى ئىزلەپ ھىندىستانغا بارغانلىقى توغرىسىدىكى
ۋەقەلەر قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭ يىللىرى
جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە گايىموتىنىڭ (شېموتىڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ليەن فالەن،
شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەنشىگاۋ، جىژچيەن قاتارلىقلار كەلـ
گەن. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن غەربىي جىن راھىبى فاشيەن، شىمالىي ۋېي
راھىبى سۇڭ يۈن، تاڭ دەۋرىدىكى راھىپ شۈەنجۇاڭ قاتارلىقلار بۇددا نوملىرىنى
ئىزلەپ ھىندىستانغا بارغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ رايونىدىن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ
ئەسەرلىرىدىن قەدىمقى زاماندا شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ ئىنتايىن راۋاج تاپقانلىـ
غىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىـ
كى تارقىلىش ئەھۋاللىرىنى جانلىق تۈردە بايان قىلغان. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى
راھىپلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا غەرپكە بېرىپ نوم ئىزلەش دېگىنى، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭـ
غا بېرىپ ئىزلەش دېگەن سۆز ئىدى. مەسىلەن: جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن بىـ
رىنچى بولۇپ، غەرپكە نوم ئىزلەپ سەپەر قىلغان ئادەم ئۈچ پادىشالىق ۋاقتىدىكى
راھىپ جۇسىشىڭ ئىدى. ئۇ خوتەنگە بېرىپ سانسكرىت يېزىقىدىكى رەسمىي نۇسخا
ماخاپراجناپارامىتا سۇترا Mahaprajna paramita sutra ( 大品般若经 )
نومىنى لوياڭغا ئاپىرىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. شىنجاڭ راھىپلىرىمۇ بۇددا دىنىنى
ئىچكى ئۆلكىلەرگە بىۋاستە بېرىپ تارقاتقان. مەسىلەن: كېيىنكى چىن ۋاقتىدىكى كۇـ
چار راھىبى كۇماراجىۋا قاتارلىقلار. بۇ شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بۇدـ
دا ئېقىملىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى شىنجاڭ رايونىدىكى بۇددا دىنى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇددا دىنىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن بىـ
ۋاستە قوبۇل قىلغان ياپون بۇددىستلىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى
بۇددا تارىخىغا ئەلۋەتتە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. بولۇپمۇ، سۋېن ھېدىن ستەيىن
قاتارلىق ئادەملەر مەملىكىتىمىز شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كۆپلىگەن

بۇددا بۇتخانىلىرى خارابىلىرىنى، شۇنىڭدەك، بۇددا ھەيكىلى، بۇددا نوملىرىنى تاپتى. ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن نوم - بىتىگلەرھىند ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇرۇنراق ئىشلىتىلگەن يېزىقلاردا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ياپون بۇددىستلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە قىزىقتۇردى.

بۇ ئەھۋاللاردىن مۇنداق بىر مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىش جەريانى، ھىند — ئوتتۇرا ئاسىيا— شىنجاڭ — ياپوندىن ئىبارەت مۇشۇ سىزىق بويىچە ئاستا - ئاستا شەرققە تارقالغانمۇ؟ شىنجاڭ بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىش جەريانىدا قانداق رول ئوينىغان؟ شىنجاڭ تارىخىدا بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋاللىرى زادى قانداق؟ بۇ مەسىلىلەر داگۇگۇا گۇرۇپپىسىنىڭ 3 قېتىم ئېكسپېدىتسىيە تەشكىل قىلىپ، شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، داگۇگۇا گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسىدىكى ئەزالارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا 3 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى، بىرىنچىدىن، موڭغۇلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالى رايونىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دىنىي ئېتىقات- دىنىي پائالىيەت ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ بىلىش؛ ئىككىنچىدىن، بۇددا خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ، تارىختا بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭدا راۋاج تېپىشى ۋە شەرققە تارقىلىشى، شۇنىڭدەك، راھىپلارنىڭ ھەر قېتىم بۇددا نوملىرىنى ئىزلەش ۋە دىن تارقىتىش ئۈچۈن كېلىپ - كېتىپ تۇرغان يوللىرىنى بىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، بۇددا دەستۇرلىرى، بۇددا ھەيكىلى، بۇددا جابدۇق - سايمانلىرىنى، شۇنىڭدەك، بۇددا دىنىنى تەتقىق قىلىشتا قوشۇمچە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە يەنە باشقا ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىق قاتارلىقلارنى يىغىشتىن ئىبارەت ئىكەن.

بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى جەريانىدا، مەملىكىتىمىز شىنجاڭ رايونىنىڭ ئورنى ۋە رولى زادى قانداق بولغان؟

بۇددا دىنى مىلادىدىن بۇرۇن 5 - 6 ئەسىرلەردە، شىمالىي ئەنەتكەك (ھىند) كاپىلاۋاستۇ دۆلىتىدە (ھازىرقى نېپالدا) بەرپا بولغان، دەسلەپ ئىنتايىن ئاستا تارقالغان. بۇددا دىنى پەيدا بولۇپ، ئىككى يۈز نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى يەنىلا گانگ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىن ئىبارەت بولدى. مىلادىدىن بۇرۇن 3 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ئەنەتكەك ماگادا دۆلىتىنىڭ (ھىندىستاننىڭ ھازىرقى بىھار ئىشتاتىنىڭ جەنۇبى) ماۋرىيا سۇلالىسى پادىشاسى ئاسوكا تەختكە چىقتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە، ماگادا دۆلىتى كۈچىيىپ، تېررىتورىيىسى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيدى. 10 نەچچە يىل ئىچىدە ھىند يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن تاشقىرى، ھىندىستاننىڭ قالغان قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئاسوكا ئەسلىدە براھمان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. تەختكە چىقىپ 9 يىلدىن كېيىن، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلدى ۋە تەقۋادار بۇددا مۇ-

رىتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تەسىر
كۆچى يېتىپ بارغان يەرلەردە بۇتخانا ۋە ھەر خىل بۇددا خاتىرە بۇيۇملىرى ياسالدى،
راھىپ بولۇش تەشەببۇس قىلىندى ۋە راھىپلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىندى. ھەر خىل
بۇددا دىنىي پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، بۇددا دىنى پۈتۈن ھىندىستانغا كېڭەيتىلدى.
بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە دۆلەت سىرتىغا كۆپلەپ مىسسىيونېرلار چىقىرىپ، پۈتكۈل ئاسىيا،
ياۋروپانى كەزدۈرۈپ چىقتى. شۇ ئارقىلىق بۇددا دىنى ناھايىتى تېزلىكتە يېقىن
خوشنا رايونلارغا تارقالدى.

تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن 1 ـ ئەسىردە، بۇددا دىنى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنـ
جاڭ رايونى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان كۇشان دۆلىتىگە (كۇشان دۆلىتىنىڭ ئەينى
ۋاقىتتا ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلىرى شىمالدا ئامۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمى، جەنۇپـ
تا ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ۋىندىيە تاغلىرىغا قەدەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا
نى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەتتى) تارقالغان ئىدى ⑥.

ئۇنداق بولسا، بۇددا دىنى مەملىكىتىمىزگە قاچان ۋە قانداق كىرگەن؟ بۇ
مەسىلىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشى ئوخشاش ئەمەس.
بەزىلەر «كېيىنكى خەننامە»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، شەرقىي
خەن سۇلالىسى خاقانى مىڭدى چۈشىدە، غەرپتە ئالتۇن ھەيكەل بار-
لىقىنى كۆرگەن ۋە ئەنەتكەك (ھىندىستان)گە ئادەم ئەۋەتىپ. راھىپ تەكلىپ قىلغان،
مىلادى 67 ـ يىلى ئەنەتكەك راھىپلىرى گايېمۇتېڭ، لىيەنفالەن لوياڭغا كەلگەن ۋە
بەيما ئىبادەتخانىسىدا تۇرۇپ بۇددا نوم ـ بىتىگلىرىنى تەرجىمە قىلغان. شۇنداق
قىلىپ، بۇددا دىنى جۇڭگوغا كىرگەن، دېيىشىدۇ. بەزىلەر يەنە باشقا بەزى ماتېرى-
ياللارغا ئاساسلىنىپ، بۇددا دىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مىلادىدىن بۇرۇنلا كىرگەن،
دەپ قارايدۇ. لېكىن «ۋېي نامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن
سۇلالىسى خاقانى خەن ئەيدىنىڭ يۈەنشۇۋ 1 ـ يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ يىلى)،
«بوشىدىنىڭ بالىسى جىڭ لۇغا ئۇلۇغ ياۋچىلار خانىنىڭ ئەلچىسى يىسۇڭ بۇددا
نومىنى ئېغىزچە سۆزلەپ بەرگەن»⑦ ئىكەن. بۇ خاتىرە ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىنىڭ
جۇڭگوغا كىرگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ مەملىكىتىمىزگە كىرىش
يولى توغرىسىدىمۇ ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر بۇددا دىنى ئاۋال شىنجاڭغا كىـ
رىپ، ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن ئەمەس، بەلكى ئەنەتكەكتىن بىۋاستە كىر-
گەن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا بۇددا دىنىنىڭ راۋاج تېپىشى ئىچكى ئۆلـ
كىلەرگە قارىغاندا كەچرەك دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ دەلىلى «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە
«خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردىكى شىنجاڭغا ئائىت ئەھۋاللار كۆپىنچە، جاڭ چيەن،
بەن چاۋ، بەن يۇڭ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتى ۋە خاتىرىلىرى ئاسا-
دا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، شىنجاڭ رايونىدا بۇددا دىنى بارلىقى توغرىسىدا ھېچـ

قانداق خاتىرە يوق. دىمەك، شەرقىي خەندىن ئىلگىرى شىنجاڭدا بۇددا دىنى يوق ئىدى، دەيدۇ.

لېكىن داگۇگۋاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار 3 قېتىملىق قېدىرىش ـ تەكشۈرۈش ھەرىكىتىدە خوتەن دۆلىتىنى نۇقتا قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. خوتەن دۆلىتى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى بۇددا مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. فاشيەن، سۈن يۈن، شۈەن جۇاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن ھەمدە خوتەندە بۇددا دىنىنىڭ راۋاج تېپىش ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ خاتىرىلىگەن. بولۇپمۇ، شۈەن جۇاڭ خوتەندە خوتەن دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇددا دىنىنىڭ كىرىشى توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەرنى قولغا چۈشۈرگەن[8]. ئۇلار خوتەن رايونىدا ھەرقايسى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ ھەمدە شۈەن جۇاڭ قاتارلىقلارنىڭ خوتەن دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇددا دىنىنىڭ كىرىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مىلادىدىن بۇرۇن 1 ـ ئەسىردە، بۇددا دىنى ئەنەتكەكتىن بىۋاستە خوتەنگە كىرگەن [9] دەپ قارايدۇ. بۇنداق دېيىش، قارىماققا يېتەرلىك پاكىت ئاساسىغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ياپون ئالىملىرىدىن يۈيىشى ـ لياۋتىي قاتارلىقلارنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، ئۇ مەلۇم ھەقىقەتكە ئىگە[10]. ھازىر مەملىكىتىمىز ئالىملىرىدىن، بۇددا دىنى ئاۋال غەربىي ئەللەرگە كىرىپ، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆتكەن دىگۈچىلەرمۇ [11] بار.

داگۇگۋاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى خوتەن بۇددا خارابىلىرىنى تەكشۈرگەندە، تاڭ دەۋرىدىكى ئۇلۇغ كۆلۈڭگو (ماھايانا ــ mahayana) دىنى، جوۋ جۈيگا دۆلىتىنىڭ ئورنى ۋە بۇددا خارابىلىرى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

جۇڭگو ۋە ياپونغا تارقالغان بۇددا دىنى كۆپىنچە، ئۇلۇغ كۆلۈڭگو (ماھايانا) دىنى ئىدى. قەدىمقى خوتەن رايونى بولسا خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇلۇغ كۆلۈڭگو (ماھايانا) بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان غەربىي ئەلدىكى قەدىمىي دۆلىتى ئىكەن، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى «جۇڭگو ئۇلۇغ كۆلۈڭگو (ماھايانا) بۇددا دىنىنىڭ مەنبەئى»[12] دەپ قارايدىكەن. داگۇگۋاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى شۇ سەۋەپتىن، قەدىمىي خوتەننى تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى قىلغان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قەدىمىي خوتەن ئەتراپىدا يەنە بىر جېجۈيگا ياكى جۇوجۈيگا دۆلىتى بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ ئۇلۇغ كۆلۈڭگو (ماھايانا) بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىنىدىكەن. شۈەن جۇاڭ بۇ يەردە: «ئۇلۇغ كۆلۈڭگو دەستۇرلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇددا تەلىماتى بارغانلا يەردە راۋاج تاپقان.[13] يۈزمىڭلارچە سۆزلەردىن ئىبارەت بۇددا نوملىرىدىن ئون قىسىم بار ئىكەن» دەيدۇ. ئۇلۇغ كۆلۈڭگو بۇددا دىنىنىڭ بۇ يەردە راۋاج تېپىشى ھەتتا خوتەندىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. بۇ ئەلۋەتتە، داگۇگۋاڭرۇي

ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغىغان. لېكىن بۇ قەدىمىي دۆلەتنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر ئۇنى ھازىر يەركەنتتە دەيدۇ. ستېيىن بولسا، ئۇنى ھازىرقى قارغىلىق[14] دىگەن ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى جۇوجۇيگا دۆلىتىنىڭ ئورنىنى ماددى نەرسىلەر بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن، يەركەنت ۋە قاغىلىق ئەتراپلىرىدىمۇ بىر نەچچە قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلار شۇ ئەتراپتىكى تاغ باغلىرىدىن بىرمۇنچە قەدىمقى تاش ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىلىرى ۋە قەدىمقى شەھەرخارابىلىرىنى تېپىپ، بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى توغرىسىدا نۇرغۇن پايدىلىنىش ماتىرىياللىرىغا ئىگە بولغان ۋە مۇشۇ ئەتراپ ئۇلۇغ كۆلۈڭگو (ماھايانا) بۇددا دىنى دەستۇرلىرى بار جۇوجۇيگا دۆلىتى بولسا كېرەك، دەپ مۆلچەرلىگەن[15]».

بۇندىن تاشقىرى ئۇلار كۇچار، قاراشەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا خارابىلىرى، باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭ ئۆي ئىبادەتخانىلىرى، كۇچاردىكى قۇمتۇرا ئىبادەتخانىلىرى، قاراشەردىكى مىڭ ئۆي، تۇرپاندىكى بىزەكلىك ئىبادەتخانىلىرى، شۇنىڭدەك، گەنسۇنىڭ دۇڭخۇاڭدىكى مىڭ ئۆي قاتارلىق بۇددا سەنئەت غەزنىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. دىمەك، داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتى ۋە بۇددا خارابىلىرىنى زىيارەت قىلىشى، مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كېتىش ۋە بۇزۇش ئىشى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇلارنىڭ ھەركىتىگىمۇ كۈچلۈك ئەللەرنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشى، مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشىدىن ئىبارەت دەۋر تامغىسى بېسىلغان.

## 3 ـ دۇڭخۇاڭ ۋە تۇرپان قاتارلىق يەرلەردىكى باي ۋە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار

داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ دۇڭخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلىرىدىن ئېلىپ كەتكەن قەدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە، ھەر خىل بۇددا دەستۇرلىرى ۋە نوم ـ بىتىگلەر ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نوم غەربىي جىن خانلىقى يۈەنكاڭنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادى 296 ـ يىلى) خاتىمە يېزىلغان «بۇددا نوملىرى توپلىمى» (诸佛要集经) بولۇپ بۇ، نوم ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، غەربىي جىن خانلىقى راھىبى لەن فاخۇ (ئاھاڭ تەرجىمىسى شيەن مولوشا) تەرجىمە قىلغان ئىكەن. لەن فاخۇ ئەسلى چوڭ ياۋچىلاردىن بولۇپ، دۇڭخۇاڭدا تۇغۇلغان. نوم ـ بىتىگلەرنى «دۇڭخۇاڭ بۇرخانى» دەپ ئاتالغان راھىپ جۇگاۋزۇدىن ئوقۇغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا

مەملىكەتتىكى بۇددا دەستۇرلىرىنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، جۇگاۋزو بىلەن بىرلىكتە «غەربىي رايونىدىكى ھەممە دۆلەتلەرگە بارغان. 36 تۈرلۈك ھەر خىل يات تىللارنى ... ئۆگەنگەن[16]».

ئۇ پامىرنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن ئالغان بۇددا نوملىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كەتكەن ۋە ئۇنى يولبويى تەرجىمە قىلغان. ئاخىرىدا لوياڭدا تۇرۇپ، جەمئىي 175 قىسىم 354 جىلد بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ پامىرنىڭ غەربىگە بېرىپ بۇددا نوملىرىنى ئىزلىشى فاشيەندىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن بولۇپ، تەرجىمە قىلغان نوملىرىمۇ فاشيەندىن كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭ رولىغا باھا بېرىپ: «بۇددا تەلىماتىنىڭ جۇڭخۇاغا كەڭ تارقىلىشى ليەنفاخۇنىڭ كۈچى بىلەن بولغان» [17] دېيىشكەن. داگۇگۇاڭرۇي ئېكىسپېدىتسىيىسى تاپقان «بۇددا نوملىرى توپلىمى» دۇڭخۇاڭدا شۇ تەرجىمە قىلغان بۇددا نوملىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا، ليەنفاخۇ تەرجىمىسىنىڭ ئەڭ بالدۇرنى كۆچۈرمە نۇسخىسىدۇر. ھەمدە ليەنفاخۇ تەرجىمە قىلغان بۇددا نوملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلۇغ كۆلۈڭگو بۇددا نوملىرى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى تېخىمۇ قوزغىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇلۇغ كۆلۈڭگودىنىڭ شەرققە تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

ئېكىسپېدىتسىيە يەنە غەربىي لياڭ خانلىقىنىڭ جيەنچۇ (建初) (مىلادى 411-يىلى) ئىلاۋە سۆزى يېزىلغان «سادداھارماپۇنداريكا سۇترا» Saddharmapundarika sūtra نىمۇ يىققان. بۇمۇ ناھايىتى چوڭ بىر كەشپىيات ئىدى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇنى ئەڭ بالدۇر كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان ئىكەن. ئۇ 344 - يىلى كۇچاردا تۇغۇلۇپ، 7 يېشىدا ئانىسى بىلەن راھىپ بولۇپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلۇغ ۋە كىچىك كۆلۈڭگو نوملىرىنى ئۆگىنىپ، غەربىي ئەلدە داڭ چىقارغان. ئالدىنقى چىن جيەنيۈەن 18-يىلى (مىلادى 382 - يىلى) لۈيگۇاڭ كۇچارنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى لياڭجۇغا ئېلىپ كەتكەن. مىلادى 401-يىلى يەنە كېيىنكى چىن خانلىقىدىن ياۋشىڭ چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلدۇرغان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادى 401 - يىلىدىن 409 - يىلىغا قەدەر جەمئىي بىرنەچچە ئونلىغان نوم بىتىكلىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان. «سادداھارماپۇنداريكا سۇترا» مۇ شۇنىڭ ئىچىدە. بۇ دەستۇرنىڭ باسما نۇسخىسى ئىنتايىن ئومۇمىي بولسىمۇ، لېكىن ئېكىسپېدىتسىيە تاپقان بۇ نومنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىدا مىلادى 411 - يىلقى ئىلاۋە بار. بۇ ۋاقىتتا كۇماراجىۋا تېخى ھايات ئىدى. (ئۇ 413-يىلى ئۆلگەن). بۇ كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن ۋاقىتتىكى ئەڭ بالدۇرقى كۆچۈرمە نۇسخا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ «سادداھارماپۇنداريكا سۇترا» نىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇش جەھەتتىلا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بايلىقتۇر.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلار يەنە ئۇستاز شيەنداۋنىڭ «ئامىتابا»غا يازغان

خاتىمەسىۆزىنى تاپقان شيەنداۋ(613 ـ 681) تاڭ سۇلالىسى راھىبى بولۇپ، جۇڭگوھەقىقى دىنىي مەزھەبىنىڭ ئەمەلىي ئىجاتچىسىدۇر. مەنبە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياپون ھەقىقى دىن مەزھەبى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياپونىيىنىڭ مۇشۇ مەزھەپتىكىلىرى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغان شەخستۇر. ئۇ خاتىمىنى تېپىش داگۇگۇاگرۇي ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە ئەڭ قىممەتلىك تەگدىشى يوق مەدىنى يادىكارلىق ئىدى. بۇندىن تاشقىرى، يەنە بىر مۇنچە بۇددا نومىلىرى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان.

داگۇگۇاگرۇي ئېكىسپېدىتسىيىسى شىمالىي شىنجاڭدىن يەنە بىر «كۇگمۇسى» ھۆججىتىنى تاپقان. «كۇگمۇسى» (孔目司) تاڭ دەۋرىدىكى سودا بېجى يىغىش ئورگىنى ئىدى. كەيىۋەن 7 ـ يىلى (مىلادى 719 ـ يىلى) دىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ رايونى يىپەك يولىدىكى سودا بېجىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا «ئاگنى (قارا شەھەر)، كۇسەن (كۇچار)، قەشقەر، خوتەنلەر غەربىي ئەل سودىگەرلىرىدىن يىغىپ، ئۆزلىرى ئىشلىتىدۇ؛ شىمالدا ئۇرۇمتاي (轮台 ـ ئۇرۇمچىنىڭ شىمالى) يىغىدۇ»⑱ دەپ بەلگىلىگەن ئىدى. بۇندىن ئىلگىرى، باج ئىشلىرى ئەنشى باش تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە بەشبالىق باش تۇتۇق مەھكىمىسى تەرىپىدىن بىۋاستە باشقۇرۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، بۇ ئىشنى كونكرېت باشقۇرغۇچى ئەنە شۇ «كۇگمۇسى» ئىدى.

ئۇلار تاپقان مەدىنى يادىكارلىقلار ئىچىدە، يەنە جىن خانىلىقى تەيشىنىڭ 5 ـ يىلىدىكى (مىلادى 269 ـ يىلى) ۋەۋىسكا، تاڭ دەۋرىدىكى پۇل قەرز ھۆججىتى، «يول خېتى» (过所) قاتارلىق نەرسىلەر بار.

بولۇپمۇ، ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئەرزىيدىغان يەنە مۇنداق بىر نەچچە ھۆججەت بار: بىرىنچى قېتىملىق قېدىرىش ـ تەكشۈرۈشتە، دۇبيەنجېشىن قاتارلىقلار تۇرپان ئەتراپىدىن تاڭ دەۋرىگە ئائىت «سۇ ئىشلىرى مەھكىمىسى» (掏拓所) ھۆججەتلىرىنى تاپقان. تاڭ دەۋرىدە شىنجاڭ رايونىدا ھەربى بوزيەر ئېچىش يولغا قويۇلۇپ، بىر مۇنچە يەرلەردە يېزا ئىگىلىگىمۇ بىر قەدەر راۋاجلانغان. يېزا ئىگىلىگىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈنگەن. لېكىن بۇ يەرلەردە سۇ ئىشلىرى قانداق باشقۇرۇلغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ. ياپون ئېكىسپېدىتسىيىسى تاپقان بۇ ھۆججەت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا «سۇ ئىشلىرى مەھكىمىسى» دىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر سۇ باشقۇرۇش ئورگىنى قۇرغان ئىكەن. ئۇنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار «مىراپ بېگى» دەپ ئاتالغان. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇش ئىشىنى «سۇ ئىشلىرى مەھكىمىسى» ئەمەلدارلىرى يەرلىك پۇقرالارنى يىغىپ، ئىشقا سېلىش ئارقىلىق باشقۇرغان. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ھۆججەتتە خاتىرىلىنىشىچە، كۇچاردا مۇخۇزى دىگەن بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ «جەنۇپ پاسىلى قوش ئېرىق كەنتىدە بولغان ئازغىنە ئۇنۇمسىز يەردە تېرىقچىلىق قىلاتتى. سۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىك

كى - ئۈچ ھاشا بىر بىشكە توغرا كەلگەن»، «ئائىلىسى نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆل-
گەن ئانىسىنى تېخىچە دەپىن قىلالمىغان» ئۈستىگە چۈشكەن سىپلىقنى «تۆلىيەلمىگەن».
شۇڭا، «كېچىردىم قىلىش»نى سورىغان. «كېيىن ھاشا بىر بىشكە توغرا كەلسە، ھەرگىز
باش تارتمايدىغانلىقىنى ئېيتقان»[19]. بۇ ھۆججەت شۇنى ناھايىتى ئوچۇق چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇكى، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ رايونىدا سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىغا
ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى باشقۇرىدىغان ئورگان تەسىس قىلغان
ھەمدە سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىغا كېتىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنى تىرىلغۇ يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ
ئېلىشنى بەلگىلىگەن. مۇخۇزى دىگەن كىشىنىڭ ناھايىتى ئازغىنە ئۇنۇمسىز يېرى
بولغان. سۇ ئىنشائاتى ئۈچۈن ئىككىدىن ئارتۇق ھاشا بېرىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەن.
ئائىلىسى كەمبەغەل بولغانلىقتىن، ھاشادىن ئازات قىلىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئازات-
لىقتىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخولوگىيە خادىملىرىمۇ تۇرپاندىن تاڭ دەۋرىدىكى
«سۇ ئىشلىرى مەھكىمىسى»گە ئائىت ھۆججەتلەرنى تاپتى. بۇ ھۆججەتتە «سۇ ئىشلىرى
مەھكىمىسى»دە «سۇ باشقۇرۇش ئەمەلدارى» بارلىقىمۇ ئېيتىلغان. ھۆججەتتە بىر قېتىم
6 يۈز ئادەم مەلۇم بىر توغاننى ياسىغانلىقى، 850 ئادەمنىڭ يەنە باشقا بىر توغاننى
ياسىغانلىقى، غول ئۆستەڭ چاپقانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلار سۆزلەنگەن. يەنە ئادەم
ئەۋەتىپ ئېتىزلارنى سۇغۇرغانلىق ھەمدە ھاشالارغا ئاشلىق تەقسىملەپ بەرگەنلىك
توغرىسىدىكى ئىشلارمۇ سۆزلەنگەن. ياپون ئېكىسپېدىتسىيىسى تۇرپاندىن تاپقان يەنە
بىر ھۆججەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇ يەردىكى ئەمەلدارلار بىر ئۆيلۈك ئادەمگە بىر قېتىمدا
«يازلىق كىيىم - كېچەك ئۈچۈن توقۇتقان رەخت» يۈزچىغا يەتكەنلىكى ئېيتىلغان.[21]
«رەخت» — ئادەتتە پاختىدىن توقۇلغان بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ
ئىچكى ئۆلكىلىرىدە پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى تەخمىنەن شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە ئىش-
لەنگەن. غەربىي رايوندا بولسا، بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىرەك ئىشلەنگەن ئىدى. «لياڭ-
نامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، قوچۇدا «كېۋەز كۆپ تېرىلاتتى. كېۋەزنىڭ بېشىدا غوزەك بو-
لۇپ، غوزەك ئىچىدە يىپەككە ئوخشاش نەپىس پوتلا بولىدۇ. ئۇ پاختا دەپ ئاتىلىدۇ.
كىشىلەر بۇنىڭدىن رەخت توقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن توقۇلغان رەخت يۇمشاق، ئاپپاق بو-
لۇپ، بازارلاردا سېتىلىدۇ»[22] بۇ خاتىرىگە قارىغاندا، تۇرپان رايونىدا 6 - ئەسىر-
دىن بۇرۇنلا كېۋەز تېرىپ رەخت توقۇغان. ياپون ئېكىسپېدىتسىيىسىنىڭ بۇكەشپىياتى
شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تاڭ دەۋرىگە بارغاندا، قوچۇ رايونىدا توقۇمىچىلىق ئىشلىرى تې-
خىمۇ راۋاجلىنىپ، رەخت توقۇش قول سانائىتى بارلىققا كەلگەن. بەلكى بۇ قول سا-
نائىتى تېخى ناھايىتى ئومۇملاشقان. بىر ئائىلىگە «يازلىق كىيىم - كېچەك ئۈچۈن
توقۇتقان رەخت»نىڭ يۈز چىغا يېتىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا
مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ مەسىلىگە دائىر يەنە شۇ نەرسىنى ئېي-
تىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئازاتلىقتىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخولوگلىرى

تۇرپاندىن شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنى تاپتى[23]. پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تۇرپاندا ئەڭ كەچ دېگەندە، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە ئىنتايىن ئومۇملاشقان[24]. ياپون ئېكىسپېدىتسىيىسى تاپقان ھىلقى ھۆججەت شىنجاڭ رايونىمىزدىن تېپىلغان تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللار ئالدىدا ئانچە چاقناپ تۇرمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مۇھىم كەشپىيات ھېسابلىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت بۇ ھۆججەتلەر، تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، شۇنىڭدەك، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

2 ـ، 3 ـ قېتىملىق قېدىرىش ـ تەكشۈرۈش داۋامىدا، جۇيدۇەنچاۋ چەتئەل ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە تەكشۈرگۈچىلىرى بېرىشقا تېگىشلىك يەرلەردىن بولۇپ قالغان لوپنۇر رايونىغا باردى. ئۇ قېتىم لوپنۇرنىڭ قۇرۇپ، يېرىلىپ كەتكەن قەدىمقى كۆل تېگىگە چوڭقۇر كىردى ۋە سىۋېن ھېدىن تاپقان قەدىمقى روران خارابىسى ھەمدە ستېيىن تاپقان بەزى خارابىلارنى تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ ئۆزىمۇ بەزى يېڭى خارابىلارنى تاپتى. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئۇ سىۋېن ھېدىن تاپقان روران خارابىسىدىن تېخىمۇ قىممەتلىك بىر قەدىمىي ھۆججەتنى تاپتى ۋە ئۇنى «لى بەي ھۆججىتى» دەپ ئاتىدى. ئۇ جەمى 3 پارچە قەغەز تاپقان. بىرىنچى پارچىدا پەقەت 13 خەت ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ جىن خانلىقى غەربىي ئەل دورغابېگى لى بەينىڭ خان ئوردىسىغا يازغان مەكتۇبىنىڭ كۆپىيىسى بولۇپ، قالغان ئىككى پارچىسى لى بەينىڭ غەربىي ئەلدىكى مەلۇم خانغا يازغان خېتىنىڭ كۆپىيىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى ئاساسىي جەھەتتە پۈتۈن. بۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بىر قەدەر پۈتۈن بولغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى «جىننامە» جاڭ جۈن تەزكىرىسىدە بۇ مەكتۇپنىڭ ئاپتورى لى بەينىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدۇر. بۇ شۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى بىلىشتە ھەقىقەتەن قىممەت باھالىق ھۆججەتتۇر. بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، ئۇنىڭدا ئاساسەن، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي ئەل دورغابېگى لى بەي غەربىي ئەل مەلۇم خانغا جىن خانلىقى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ھەرقايسى ئەللەردىن «ھال سوراش» ئۈچۈن، غەربىي رايونغا ئادەم ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى بۇ ھۆججەتنى كۆپ تەتقىق قىلدى. ۋاڭ گوۋېينىڭ ئېنىقلىشىچە، لى بەي بۇ خەتنى قاراشەر خانىغا يازغان ئىكەن. خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئالدىنقى لياڭ خانلىقىدا جاڭ جۈن خان بولغاندىن كېيىن ئىكەن[25]. كېيىن بۇ خەتنىڭ يېزىلىش ۋاقتى توغرىسىدا، ئالىملار ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى غەربىي جىن خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان، خەتتە قوللىنىلغان «جاۋجيا» سۆزى جىن خانلىقى خانىنىڭ نامى دەپ قارىدى.

داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى مەملىكىتىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ جەھەتتە مەملىكىتىمىزگە كەلتۈرۈلگەن تارىخىي جاراھەتنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بىز ئىشىنىمىزكى،جۇڭگو ـ ياپون ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ دوستلۇغى ئارقىلىق ھەر خىل شەكىل ۋە بىرلىكتە تەتقىق قىلىش يولى بىلەن بۇ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىمىز. ياپون ئالىملىرى بۇ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى كۆپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى ۋە بايان قىلدى.بۇ يەردە بۇنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. لېكىن مەملىكىتىمىز غەربىي شىمالىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىمىزنى قوزغىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

## ئىزاھلار

①② چاڭجۇيخۇ جۇن تۈزگەن «داگۇگۇاڭرىي ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ يىپەك يولىنى تەكشۈرۈشى» — غەربىي ئەلنى تەكشۈرۈش سەپەر خاتىرىسىنىڭ توققۇزىنچىسى، 9 -، 10 - بەتلەر.

③ گاڭ چىچىڭ «داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى ۋە دۇڭخۇاڭدىكى مىڭ ئۆي»، «غەربىي ئەللەر مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» 1 - جىلد، 1958 - يىل نەشر، 29 - بەت.

④ «فۇساڭ توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە» 3 - جىلد، ⑤ «يۈەن خېڭنىڭ تەرجىمە كىتاۋى» 17 - جىلد.

⑥ يۇيشى لياۋۇتىيازغان، خې چاڭ تەرجىمە قىلغان «غەرپتە بۇددىزىم» شاڭخەي نەشرىياتى 1956 - يىل نەشرى. 77 -، 96 -، 98 - بەتلەر.

⑦ «ئۈچ خانلىق ھەققىدە قىسسە»، «ۋېي خانلىقى تەزكىرىسى» 30- جىلد.

⑧ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» 12 - جىلد.

⑨ ⑮ جىيدۇەنچاۋ «ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش»، چاڭجۇيخو جۇن تۈزگەن «داگۇگۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ يىپەك يولىدىكى تەكشۈرۈشى».

⑩ «غەرپتە بۇددىزىم» 4 - باپ.

⑪ جيەن بوزەن تۈزگەن «جۇڭگو تارىخىي پىروگىراممىسى» 1 - توم، 4 - باپ، 4 - §.1979 - يىل نەشرى. 205 - بەت.

⑫ «غەرپتە بۇددىزىم» 235 - بەت.

⑬ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى» 13 - جىلد.

⑭ ستېيىن «قەدىمىي خوتەن» 89 - 92 - بەتلەر.

⑯ ⑰ خۇي جياۋ «راھىپلارتەزكىرىسى. فاخۇ تەزكىرىسى»

⑱ «يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد. «ئاگنى (قاراشەر) تەزكىرىسى»

⑲ داگۇگۇاڭرۇي «يېڭى غەربىي ئەللەر خاتىرىسى» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتوتى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم 125 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى.

⑳ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مۇزېيىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» 50 - بەت. مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى 1978 - يىل نەشر قىلغان.

㉑ داگۇگۇاڭرۇي «يېقىنقى غەربىي ئەل خاتىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم 126 - بەتتىن ئېلىندى.

㉒ «لياڭنامە» 54 - جىلد.

㉓ ㉔ سابىت «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى پاختا ئۆستۈرۈشى ۋە توقۇمىچىلىقىغا بىر نەزەر»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلى. 1973 - يىللىق 10 - سان.

㉕ ۋاڭ گوۋېي «ئەن خەينىڭ ۋە ۋاڭ زىڭئەن ئەپەندىلەرنىڭ ۋەسىيەتلىرى» 《观堂集林》 16 - جىلد.

## قاسىم ئارىش تەرجىمىسى

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسىدىكى شەكىللەر توغرىسىدا

ئەخمەتجان ئەسقەرى

بىزگە مەلۇمكى، سۆزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان گىراماتىكىلىق مەنا مۇناسىۋىتىنى ئىككى خىل يول بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن. بىرىنچى خىلى، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ تۈرلۈك قوشۇمچىلار (سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى، سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى ۋە تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار) ئارقىلىق، سۆزلەرنى تەكرارلاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى، بۇ — سىنتېتىك ئۇسۇل دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى، جۈملىدىكى تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى سۆزلەرگە تۈرلۈك گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنى ئۇلاش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە سۆز ئارقا ياردەمچىلەر، ياردەمچى سۆزلەر (ئۇلانمىلار) ئارقىلىق ياكى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىۋى، ئىنتوناتسىيىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش، بۇ ئانالىتىك ئۇسۇل دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، تىللار گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ سىنتېتىك تىللار ۋە ئانالىتىك تىللار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى گەرچە، ئايرىم كىشىلەر ساپ سىنتېتىك تىللار قاتارىغا كىرىدۇ دەپ كېلىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ساپ سىنتېتىك تىل دېگىلى بولمايدۇ. ئەكسىنچە، ئۇيغۇر تىلى سىنتېتىك — ئانالىتىك تىللار قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنداقكەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق بىر تەتقىقاتتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇشۇ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، گىراماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەيدىغان ئامىللارنىڭ سىنتېتىك تۈزۈلۈشى ھەم ئانالىتىك تۈزۈلۈشىنى تەڭ ئېتىۋارغا ئېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئېچىپ بېرىشكە پايدىلىق بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات، ئاساسەن، سىنتېتىك تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق ئەنىزارىسى (جازىسى) بويىچە تەتقىق قىلىنىپ كەلگەنلىكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سىنتېتىك ئامىللارغا ئېتىۋار بېرىشنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگەللىشىگە،

ئانالىتىك ئامىللارنىڭ پۈتۈنلەي ئېتىۋارسىز قېلىشىغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇزاقتىن بېرى پۈتۈنلەي سىنتېتىك تىللارغا باپ كېلىدىغان تەتقىقات ئۇسۇلى — بىزنىڭ تىلىمىزنى تەتقىق قىلىشقا پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلىكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇش قانۇنلىرىنى توغرا ئېچىپ بېرىش جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراتتى. ھەتتا تەتقىقاتنى مەلۇم دەرىجىدە پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇلدا سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا تۈرلۈك تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئۇسۇلىدىن باشقا، يەنە سۆز تەرتىپى بىلەن ئىپادىلەش، سۆزلەرگە ياردەمچى سۆزلەرنى قوشۇش قاتارلىق ئۇسۇللارمۇ بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات كۆپرەك سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۈستىدىلا ئېلىپ بېرىلىپ، باشقا ۋاستىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئېچىپ بېرىش مەسىلىسىگە سەل قارالغان ئىدى.

يېقىندىن بېرى بەزىلەر، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئانالىتىك ۋاستىلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرسەتتى، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش. بۇ تىل ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان يولداشلارنى تىلنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

يولداش خەمىت تۆمۈر «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1980 ـ يىل 3 ـ سانىدا كېلىش توغرىلىق ئېلان قىلغان ماقالىسىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملاردا، ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە ئەزەلدىن كېلىنىۋاتقان 6 كېلىشكە يەنە يېڭى 8 كېلىشنى قوشقاندىن كېيىن، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1981 ـ يىل 2 ـ سانىدا يولداش غاپپار مۇھەممەت بىر ماقالا ئېلان قىلىپ، يولداش خەمىت تۆمۈر ئوتتۇرىغا قويغان 8 يېڭى كېلىشنى «كېلىش ئەمەس» دەپ ئىنكار قىلدى. كېيىن «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 ـ يىل 1 ـ سانىدا يولداش نەسرۇللامۇ «كېلىش» ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداش خەمىت تۆمۈر ئوتتۇرىغا قويغان ئانالىتىك كېلىشلەرنى (يەنى: ① بىلەن، ② ئارقىلىق، ③ ئۈچۈن، ④ توغرىلىق، ⑤ ھەققىدە، توغرىسىدا... قاتارلىقلارنى) يولداش خەمىت تۆمۈر دىگەندەك ئانالىتىك كېلىش دىيىشكە بولىدۇ. بىراق، بۇلارنىڭ ھەر بىرسىنى بىردىن ئايرىم كېلىش دىگىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى قازاقچىدەك، بىرلا ياردەمچى كېلىش (كومۇكىش سىپتىك) دەپ ئاتىغان ياخشى... «دىكى/تىكى، غىچە/كىچە، دەك/تەك، چە(چىلىك) قاتارلىقلار كېلىش ئەمەس، بەلكى بەزىلىرى كېلىشتىن كېيىن قوشۇلغان، بەزىلىرى ياسالما سۆزلەرنىڭ ئۆزىگىلا قوشۇلغان ئۆزگەرتكۈچىلەر» دەپ كۆرسەتتى.

يولداش خەمىت تۆمۈر يۇقۇرقىلارنى «كېلىش دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلار

بىلەن باشقىلارنىڭ «كېلىش ئەمەس» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىرى كۆپچىلىككە مەلۇم. ئۇلارنى «كېلىش ئەمەس» دىگۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىرىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى: ① كېلىشلەر ئۆزىدىن كېيىن ھېچقانداق سۆز تۈرلىگۈچى ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلمايدۇ، ② كېلىشلەر ئىسىملارغا قەۋەتمۇ ـ قەۋەت ئۇلانمايدۇ ③ «سىنتېتىك كېلىش» دەپ ئاتالغان «دىكى/تىكى، غىچە/قىچە، دەك /تەك، چە (چىلىك) قاتارلىقلار ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئىسىملارنى سۈپەتلەشتۈرگۈچى ياكى رەۋىشلەشتۈرگۈچى قوشۇمچىلار دىگەندىن ئىبارەت. بۇ جايدا يەنە شۇنى ئەسكەرتىشكە تېگىشلىككى، يولداش غاپپار مۇھەممەت «دىكى/تىكى، غىچە/ قىچە، دەك/ تەك، چە (چىلىك) قاتارلىقلارنى تىلغا ئالغاندا، «ئۇلار ئىسىملارنى سۈپەتلەشتۈرگۈچى قوشۇمچە بولۇپ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار يېڭى سۆز ياسىيالمىسىمۇ، سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتسە، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېساپلاشقا تېگىشلىك» دەپ قارىسا، يولداش نەسرۇللا ئۇلارنى «سۆز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكۈچىلەر» دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ تەۋەلىك جەھەتتىن قانداق قوشۇمچىلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، شۇنىڭدەك، يولداش نەسرۇللا «ئۇلاردىن كېيىن باشقا تۈرلىگۈچى ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. دىمەك، يۇقۇرقى مەسىلىدە، يولداش غاپپار مۇھەممەت بىلەن نەسرۇللالارنىڭ قاراشلىرىمۇ ئۆز ئارا زىت. ئەمدى «ئانالىتىك كېلىش» دەپ ئاتالغان يېڭى 4 كېلىش ھەققىدە غاپپار مۇھەممەت «كېلىش ئەمەس، ئۇلار ياردەمچى سۆز» دىسە، نەسرۇللا «ياردەمچى كېلىش» دەپ كۆرسىتىدۇ.

مەن بۇ جايدا مەيلى يولداش خەمىت تۆمۈرنىڭ، مەيلى باشقىلارنىڭ «كېلىش» ياكى «كېلىش ئەمەس» دىگەن ئاساسلىرى ئۈستىدە باھا بەرمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمىلىيىتىنى چىقىش نۇقتا قىلغان ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسىدىكى شەكىللەر، ئىسىملارنىڭ ئەنە شۇ شەكىللەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇللىرى، كېلىش شەكىللىرىنىڭ رولى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ئۈستىدە توختالماقچى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ۋە باشقا ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر بىلەن تۈرلەنگەن ئاددى شەكىلدىكى كېلىش شەكىللىرى بىلەنمۇ، قوشما شەكىلدىكى كېلىش شەكىللىرى بىلەنمۇ، مۇرەككەپ شەكىلدىكى كېلىش شەكىللىرى بىلەنمۇ تۈرلىنىپ كېلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر پۈتۈن كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سىستېما ئىچىدە ئىسىملارنىڭ گىرامماتىكىلىق مەنىلىرى سىنتېتىك ۋە ئانالىتىك شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىشتىن سىرت، يەنە ھەم سىنتېتىكھەم ئانالىتىك خاراكتېرنى ئالغان كېلىش شەكىللىرى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەشتە، ئىسىملار جۈملىدە نۆل قوشۇمچىلىق شەكىلدە كەلگەندىن باشقا، شۇ شە-

كىلگەيەنە سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى، ياردەمچى سۆزلەر قوشۇلۇپ كەلگەن شەكىللەر ۋە ئۇ شەكىللەرنىڭ قوشالپمۇ (قەۋەتمۇ - قەۋەت) ھەم مەلۇم شەرت ئاستىدا مۇرەككەپ كېلىش شەكلىدە كەلگەن شەكىللىرى بىلەنمۇ، جۈملىدە ھەر خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، دىگەندىن ئىبارەت.

بۇ نۇقتىلار ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسىدىكى شەكىللەر، تۈرلىنىش ئۇسۇلى، رولى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى قاتارلىقلارغا مەركەزلىشىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە بىۋاستە جاۋاپ بېرىشتىن ئىلگىرى(1)، كېلىش دىگەن نىمە؟(2)تىلىمىزدىكى مەلۇم بىر گىراماتىكىلىق تەركىپنى كېلىش ياكى كېلىش ئەمەس دەپ بېكىتىشتىكى ئۆلچەم نىمە؟ قانداق گىراماتىكىلىق ۋاستىلاردىن كېلىش كاتېگورىيىسى تەركىپ تاپىدۇ؟ (3) كېلىشلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى نىمە؟ دىگەن مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋېلىش لازىم.

1 . كېلىش دىگەن نىمە؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش ھەققىدە ھازىرغىچە چىققان كىتاپلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان قاراش بويىچە قارىغاندا، «كېلىش» دىگىنىمىز — ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتىرلىق سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىككى، «كېلىش» ھەققىدە يۇقۇرىدا بېرىلگەن تەبىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مۇناسىۋەت» دىگەن ئۇقۇم زادى نىمىگە قارىتىلغان؟ ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىشىدىن ئىپادىلەنگەن ھەر خىل مەنا مۇناسىۋىتىگىمۇ؟ياكى جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىپادىلىنىدىغان جۈملىدە بىرەرسىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئورنىغىمۇ؟ يەنى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىگە قارىتىلغانمۇ؟ ئەگەر «مۇناسىۋەت» دىگەن ئۇ سۆزنى ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىشىدىن ئىپادىلىنىدىغان ھەر خىل مەنىلىك مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان دىيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا تىلىمىزدا «كېلىش» دەپ قارىلىدىغان قوشۇمچىلار ياكى باشقا گىراماتىكىلىق تەركىپلەر بىر ئاساسىي مەنىدىن باشقا يەنە خىلمۇ - خىل كونكىرىت مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى چىقىش كېلىشىنى ئالساق، بۇ كېلىش جۈملىدە بىرەر شەيئىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆز (ئىسىم) بىلەن ئادەتتە ئىش - ھەركەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزنىڭ (پېئىلنىڭ) ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ، ئىش - ھەركەتنىڭ چىقىش، باشلىنىش ئورنىنى — پونكىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن: قەشقەردىن كەلدى، ئۆيدىن ئەۋەتتى، دىگەنگە ئوخشاش. چىقىش-كېلىش بۇ ئاساسىي مەنىدىن باشقا يەنە پەيت، سەۋەپ، ۋاستە، ماتېرىيال، قىياس، چىقىشتۇرما ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: كېچىدىن بېرى (پەيت مەنىسىدە)، كۆپ ئوقۇغانلىقتىن

(سەۋەپ مەنىسىدە)، قولىدىن تۇتتى (ۋاستە مەنىسىدە)، تاشتىن ياسالدى (ماتېرىيال مەنىسىدە)، ھەسەلدىن شىرىن (قىياس چېقىشتۇرما مەنىسىدە)...

ئەگەر «مۇناسىۋەت» دىگەن ئۇقۇمنى جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ئىپادىلەنگەن. ھەر خىل كونكرېت مەنا مۇناسىۋىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىپادىلىنىدىغان ئورنىغا قارىتىلغان دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا كېلىش دەپ ئاتالغان ھەر قانداق بىر تال تەركىۋى قانداق بىر ئىسىمغا ئۇلۇنۇپ كېلىپ، ئۇ ئىسىمنى باشقا سۆزلەربىلەن باغلاپ كېلىش ئارقىلىق قانداق كونكرېت مەنىلەرنى بىلدۈرۈشىدىن قەتئىي نەزەر، جۈملىدە ھەر قاچان مەلۇم بىر جۈملە بۆلۈگىنى بەلگىلەپ، جۈملىدە ئىسىملارنىڭ مەلۇم بىرلا جۈملە بۆلەكلىك ۋەزىپىسىدە كېلىشىنى كۆرسىتىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا جۈملىدىكى ھەر قانداق بىر ئىسىم ياكى ئىسىملىك سۆزلەر سىنتاكسىسلىق مەنا جەھەتتىن پەقەت بىرلا جۈملە بۆلەكلىك ۋەزىپە ئاتقۇرىدۇ.

2. تىلدىكى مەلۇم بىر تىل تەركىۋىنى «كېلىش ياكى كېلىش ئەمەس» دەپ بېكىتىشتىكى ئۆلچەم نىمە؟ بۇنىڭدا ئىككى خىل ئەھۋال بار. بىرى، كېلىش شەكلىنى ئەگەر ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىش جەريانىدا ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل مەنىلىك مۇناسىۋىتىگە قاراپ بەلگىلەيمىز دىيىلسە، بىز يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «چېقىش كېلىش» دەپ ئاتالغان كېلىش ئىسىملارنى جۈملىدە باشقا سۆزلەرگە باغلاپ كېلىش جەريانىدا ئىپادىلەيدىغان مەنىلىك مۇناسىۋىتىگە قاراپ، قانچە خىل مەنىنى بىلدۈرگەن بولسا، ئۇ ھالدا بىر چېقىش كېلىش شۇنچە خىل چېقىش كېلىش بولۇپ قالىدۇ - دە، بىر چېقىش كېلىشنى ئۆزى بىلدۈرۈپ كەلگەن مەنىسىگە قاراپ، بىر نەچچە چېقىش كېلىشكە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، كېلىش سانى ناھايىتى كۆپىيىپ كېتىدۇ. يەنە بىرى، كېلىش شەكلىنى ئەگەر ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىچىدىكى پەقەت سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىگە قاراپ بەلگىلەيمىز دىيىلسە، ئۇ ھالدا «چېقىش كېلىش»كە ئوخشاش ھەر قانداق بىر كېلىش شەكلى ھەر قانداق بىر جۈملىدە كەلسە، پەقەت مۇقىم بىر جۈملە بۆلۈگىنى بەلگىلەپ كەلگەن بولىدۇ. يەنى، جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلۈگىنى كۆرسىتىپ، شۇ بۆلەكنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. بەك ئېنىپ كەتسە، ئايرىم سۆزلەرنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ ئىككى ۋەزىپىدە كېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يۇقۇرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشى مۇمكىنكى، ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان ۋاستىلارنىڭ ئىچىدە جۈملىدىكى سۆزلەرنى كېلىشتۈرۈپ، ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنى (سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى) بەلگىلەپ كېلىشى — شۇ ۋاستىلارنى ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكلى ياكى كېلىش شەكلى ئەمەس دەپ بەلگىلەشنىڭ

ئاساسىي ئۆلچىمى بولىدۇ، شۇڭا، مانا مۇشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن، ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىللارغىلا يەنى گىراماتىكىلىق شەكىللەرگىلا «كېلىش» دەپ بېكىتىپ، ئۇلارنى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشىدىن ئىپادىلەنگەن ھەرقانداق باشقا مەنىلىك مۇناسىۋەت ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكىللىرىنى بەلگىلەپ بېرەلەيدىغان ئۆلچەم بولالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «كېلىش» دەپ ئاتالغان ئۇقۇم چوقۇم مەلۇم بىر گىراماتىكىلىق شەكىل ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك.

3. كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى نېمە؟ قانداق ۋاستىلارنى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟

كېلىشكە بېرىلگەن تەبىر ۋە كېلىشنى بەلگىلەشتىكى ئۆلچەمدىن قارىغاندا، كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ جۈملىدىكى ئىسىملارنىڭ ياكى ئىسىم ئورنىدا كېلىدىغان ھەرقانداق بىرسۆزنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى، يەنى ئىگە، خەۋەر، تولۇقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى قاتارلىق ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا «كېلىش» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مۇشۇنداق تۈپ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بويىچە قارىغاندا، جۈملىدە ھەرقانداق بىر گىراماتىكىلىق ۋاستە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەرقانداق بىر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، سىنتاكسىسلىق ئورنىنى بەلگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ قانداق گىراماتىكىلىق ۋاستىلاردىن يەنى تىلىمىزدىكى گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى، سۆزلەرگە تۇرلىنىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى، سۆزلەرگە ھەرخىل سۆز ئارقا ياردەمچى ۋە ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى قاتارلىق گىراماتىكىلىق ۋاستىلارنىڭ ئىچىدىن قايسى بىرسى كېلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنى تىلىمىزدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگىمۇ كىرگۈزۈشكە ياكى مەلۇم كېلىش شەكلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالمىسا، ئۇنداق گىراماتىكىلىق ۋاستىلارنى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. شۇنداق قىلغاندا، تىلىمىزدىكى «كېلىش» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا مۇشۇ قاراش بويىچە قارىغاندا، تىلىمىزدىكى تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلانغان گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ، ئىسىملارنىڭ بىر پۈتۈن كېلىش سىستېمىسىنى تىكلەشكە بولىدۇ.

1) نۆل قوشۇمچە: بۇنىڭغا نۆل كېلىش شەكلىدە كەلگەن بارلىق شەكىل كىرىدۇ. بىز نۆل كېلىش شەكلىدە كەلگەن ئىسىملار دېگەندە، ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى

بىلەن تۇرلەنمەي كەلگەن شەكلىنى، يەنى تۈپ، ياسالما ۋە ئۆزگەرمە شەكلىنى (ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك سان تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەن شەكلىنى) كۆزدە تۇتىمىز. بۇ خىل شەكىل ئىسىملارنىڭ جۈملىدە ئۆز ئورۇن تەرتىۋىنى چەكلەپ كېلىشى بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ بىز ئادەتتە دەپ يۈرگەن ئىسىملارنىڭ باش كېلىش شەكلىدە كېلىشى دېمەكتۇر.

2) كېلىش قوشۇمچىلىرى: بۇنىڭغا كېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ھەرخىل تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار كىرىدۇ. بۇلار نۆل كېلىش شەكلىدە كەلگەن ئىسىملارغا ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ.

3) كېلىشلىك ئارقا ياردەمچىلىرى: بۇنىڭغا جۈملىدە كېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى كىرىدۇ. بۇ ــ نۆل قوشۇمچىلىق شەكلىدە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ.

4) كېلىشلىك ياردەمچىلىرى (ئۇلانمىلار): بۇنىڭغا ھەم تۇرلىگۈچى قوشۇمچىغا كىرگۈزگىلى بولمايدىغان، ھەم سۆز ئارقا ياردەمچى ياكى يۆكلىمىلەرگە ۋە ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغىمۇ كىرگۈزگىلى بولمايدىغان، شۇنىڭدەك، باشقا باغلىغۇچىلارغىمۇ كىرگۈزگىلى بولمايدىغان بەزى ياردەمچى سۆزلەرنى كىرگۈزگىلى بولىدۇ. بۇ شەكىل نۆل قوشۇمچىلىق شەكىلدە كەلگەن ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىش بىلەن ياسىلىدۇ.

5) كېلىشلىك بىرىكمىلىرى: بۇنىڭغا كېلىشلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىشلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ياكى كېلىشلىك قوشۇمچىلار بىلەن سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ياكى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بەزى ئىسىملارنىڭ شەرتلىك ھالدا چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ئۆز ئارا بىرىكىپ كېلىشى ئارقىلىق ئالاھىدە قېلىپلاشقان بىر پۈتۈن شەكلى بويىچە ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىلىرىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغان ئاددى كېلىشلەردىن تەركىپ تاپقان ئالاھىدە بىرىكمىلىرىنى كىرگۈزگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: مېنىڭكىدىن، ئۆيدىكىلەرنىڭكىنى، ئەمەتلەرنىڭكىگە ۋە باشقىلار.

يۇقۇرقى كېلىش شەكىللىرىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى، يالغۇز سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلىق كېلىشلەر بىلەنلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى كېلىشلىك ئارقا ياردەمچىلەر، كېلىشلىك ياردەمچى سۆزلەر، كېلىشلىك بىرىكمىلەر بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ھەم سىنتېتىك، ھەم ئانالىتىك ۋە ياكى سىنتېتىك ـ ئانالىتىك خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسىنى مۇشۇ جەھەتلەردىن تەكشۈرگەندىلا، پەقەت تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېلىش تۇرلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان باشقا ئۇسۇللار بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدىغان كېلىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن كېلىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. بىز

ھازىرغىچە سىنتېتىك تىللار ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان كېلىش كاتېگورىيىلىرىنى تىلىمىزنىڭ تىللار ئائىلىسىدە سىنتېتىك - ئانالىتىك تىللارنىڭ قاتارىغا كىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خاراكتېرىنى نەزەرگە ئالماستىن، ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن كېلىش كاتېگورىيىسىنىساپ قوشۇمچىلار بىلەنلا چەكلەپ قويغان ئىدۇق. بۇ ئەھۋال — بىزنىڭ كېلىشلەرنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىمىزنىڭ ئىلگىرى مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئەمدى، يۇقۇرقى چۈشەنچىلىرىمىز ئاساسىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيە سىستېمىسىدىكى كېلىش شەكىللىرى، تۈرلىنىش ئۇسۇللىرى، رولى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش سىستېمىسىدا ھەرخىل ئۇخشىمىغان كېلىش شەكىللىرى بولۇپ، بۇ شەكىللەر بىز يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۇسۇللاردىن تەركىپ تاپىدۇ.

تىلىمىزدىكى ئىسىملار مانا مۇشۇ كېلىش شەكىللىرى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللاردا تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

1> ئىسىملارنىڭ ئاددى شەكىلدىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى.

2> ئىسىملارنىڭ قوشما شەكىلدىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى.

3> ئىسىملارنىڭ مۇرەككەپ كېلىش شەكلىدە تۈرلىنىش ئۇسۇلى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ياكى ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئىسىملارنىڭ يۇقۇرقىدەك تۈرلىنىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ئۇلارنىڭ جۈملىدە ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كېلىشىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. بىز ئىسىملارنىڭ مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەر قانداق بىر جۈملىدە ئۇلارنىڭ قانداق ئورۇندا، قانداق جۈملە بۆلەكلىك ۋەزىپىسىدە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئالالايمىز.

(1) ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ ئاددى شەكىلدىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى ۋە شۇ كېلىشلەرنىڭ رولى.

ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر كېلىشلەر بىلەن بۇ خىل تۈرلىنىش ئۇسۇلىدا تۆۋەندىكىچە شەكىللەردە كېلىدۇ:

1) باش كېلىش — بۇ ئىسىملارنىڭ تۈپ، ياسالما، كۆپلۈك، تەۋەلىك شەكىللەردە كېلىپ، جۈملىدە بەلگىلىك ئورۇن تەرتىۋىنى چەكلەپ كېلىش بىلەن ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق شەكىلدە كەلگەن ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بولمايدۇ، ئۇلار جۈملىدە، ئىگە، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى بۇ شەكىلدىكى ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئىگە، خەۋەرلىك ۋەزىپىسىدە كېلىشىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ كېلىش قوشۇمچىسىز كەلگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئادەتتە ئۇلارنى

ئىسىملارنىڭ نۆل كېلىشىك شەكلى ياكى نۆل قوشۇمچىلىق شەكلى دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن، ① سەمەت — ئوقۇغۇچى، ② ئەنۋەر كەتتى. ③ دەپتەرلىرىم يىرتىلىپ كەتتى. ④ چوڭلار يەڭدى، كىچىكلەر يېڭىلدى.

2) ئىگىلىك كېلىش — بۇ خىل كېلىش شەكلىدە ئىسىملار ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر ئىسىملارنىڭ نۆل قوشۇمچىلىق شەكلىگە «نىڭ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىسىملارنىڭ «نىڭ» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئاددى كېلىش شەكلى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىملارنىڭ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كەلگەنلىكىنى «نىڭ» قوشۇمچىسى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، بۇ ئايشەمنىڭ كىتاۋى. بۇ مېنىڭ دەپتىرىم. سېنىڭ ئۆگىنىشىڭ قاچان پۈتىدۇ؟

3) چۈشۈم كېلىش — بۇ كېلىشتە تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى تولدۇرغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى «نى» قوشۇمچىسى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، بۇ كېلىش شەكلى ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى تولدۇرغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئەكبەرنى چاقىرىڭىزنى ساقلىتىپ قويدۇم. ئاكىسىنى كۆردى.

4) يۆنىلىش كېلىش — بۇ كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى «غا/ قا/ گە/ كە» قوشۇمچىلىرى كۆرسىتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ياتاققا بارىمەن. مەكتەپكە باردىم. ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز.

5) چىقىش كېلىش — بۇ كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى «دىن/ تىن» قوشۇمچىللىرى بەلگىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۆيدىن كەلدىم. مەكتەپتىن چىقتىم. تاشتىن ياسالدى.

6) ئورۇن كېلىش — بۇ كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى «دا/ تا، دە/ تە» قاتارلىق قوشۇمچىلار بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: ئۆيدە قالدى، ياتاقتا ئۇخلاۋاتىدۇ.

يۇقۇرقى ئۈچ كېلىش جۈملىدە پۈتۈنلەي تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ كېلىۋاتقان شەكىللەر يۇقۇرقى ئۈچ كېلىشتە كۆرسىتىلگەن قوشۇمچە قوشۇلغان شەكىللەر بولۇپ، بۇلارنىڭ رولىدىن قارىغاندا، ھەممىسى ئوخشاشلا ئىسىملارنىڭ جۈملىدە تولۇقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ئورتاقلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۇلارنى بىر ئاتالغۇ بىلەن «تولۇقلىغۇچى كېلىشلەر» دېيىشكە بولىدۇ.

يـۇقۇرقى كېلىش شەكىللىرىنىڭ ئىچىدە بـاش كېلىشتە كـەلـگەن ئىسىملاردىن باشقا، كېلىش شەكىللىرى نـۆل قوشۇمچىلىق ئىسىملارغـا يەنى ئىسىملارنىڭ جـۈملىدە ئىگە، خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان شـەكىلگە كېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان هـەر خىل تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، ئىسىملارنىڭ بـۇنـداق تـۈرلىنىش ئۇسۇلى — ئىسىملارنىڭ سىنتېتىك تۈرلىنىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىسىم- لار ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرئۆزىنىڭ ئاددى شەكلىدىكى تۈرلىنىش ئۇسۇلىدا يەنە ئانالېتىك ئۇسۇلدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى كېلىش شەكىللىرى كىرىدۇ.

7) ئـوخشىتىش كېلىش — بـۇ خـىـل شـەكىلدە تـۈرلـەنگەن ئىسىملار نۆل قـوشـۇمـچـىـلىق ئىسىملارغا «دەك/ تـەك» يـاردەمـچـى سـۆزلەرنى ئـۇلاش بىـ- لەن ئـىـپـادىلىنىدۇ. «دەك/ تـەك» يـاردەمـچـى سـۆزى ئـۆزلـىرى ئـۇلانـغـان سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشتە ئەگەر ئۆزى باغلانغان سۆز بىلەن جۈملىدىكى باشقا ئىسىملىكسۆزلەرنى باغلاپ كەلسە، جۈم- لىدە ئۆزى باغلانغان سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىدە كېلىشنى بەلگىلەيدۇ. مە- سىلەن: مۇشتۇمدەك بىر تاش. ئەگەر ئۇلار جۈملىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنى جۈملىدىكى باشقا پېئىل ياكى سۈپەتلەر بىلەن باغلاپ كەلسە، ئىسىملارنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ كـالىدەك ئىشلەيدۇ. ئۇ تۇرسۇندەك سۆزلەيدۇ.

8) تەڭلەشتۈرمە كېلىش — بۇ كېلىش شەكلىدە كەلگەن ئىسىملار نۆل قوشۇمـ- چىلىق ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «چە(چىلىك)» ياردەمچى سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «چە(چىلىك)» ياردەمچى سۆزى قوشۇلغان ئىسىملار جۈملىدە باشقا سۆز- لەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە، ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ جـۈملىدە ئېنىقلى- غۇچىلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: قوشۇمچە بىر ئىش. ئالقانچىلىك بىر يەر.

9) قورال - ئۈمـلۈك كـېلـىـش — بۇ كـېلىش شـەكلىدە نـۆل قـوشۇمچىلىك ئـىسىملار بـىـلـەن سـۆز ئـارقا يـاردەمچى «بـىـلەن» بىرىكـىپ كېلىدۇ. بۇ كـېلىش شەكلى ئۈملۈك ۋە ۋاستىلىق مـەنىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق ۋەزىپىدە كېلىشنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: قەلەم بىلەن يازدىم، ئاكام بىلەن كۆرۈشتۈم.

10) ۋاستە كـېلىش — بۇ كېلىش شەكلىدە نۆلقوشۇمچىلىقئىسىملار «ئارقىلىق» دېگەن ئارقا ياردەمچى سۆز بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم هەركەتتە ۋەقە بولۇشتىكىۋاستىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، جۈملىدە ئىسىملارنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق ۋەزىپىدە كېلىشنى بەلگىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشتىم. تۇرسۇن ئارقىلىق بىلدىم.

11) سەۋەب - مەقسەت ياكى بېغىشلىما كـېلىش — بۇ كـېلىش شەكلىدە نۆل

قوشۇمچىلىق ئىسىملار «ئۈچۈن» ئارقا ياردەمچى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. بۇ كېلىش مەقسەت، سەۋەپ ياكى بېغىشلاش مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىملارنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق ياكى ھالەتلىك ۋەزىپىدە كېلىشىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى. ئوقۇش ئۈچۈن ماڭدىم (ھالەت).

12) مەزمۇن كېلىش — بۇ كېلىش شەكلىدە نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىمغا «توغرىسىدا»، «ھەققىدە»، «توغرۇلۇق» سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كۆپرەك ھەركەتنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ۋە شەخس، ھادىسە، مۇلاھىزە، ئوياشلارنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدەئىسىملارنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: پىلان توغرىسىدا سۆزلىدى. پىلان توغرۇلۇق سۆزلىدى.

بۇلار ئىسىملارنىڭ كېلىش بىلەن ئاددى شەكلىدە تۈرلىنىش ئۇسۇلىدىكى ئانالىتىك ئۇسۇلدا كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسىملارنىڭ ئاددى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلىدا ئىسىملار باش كېلىشتىن باشقا كېلىش شەكىللىرىدە سىنتېتىك، ئانالىتىك ئۇسۇلدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن ئاددى شەكلىدە تۈرلىنىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) ئىسىملارنىڭ قوشما شەكلىدىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى.

ئىسىملارنىڭ قوشما كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشىنىڭ ماھىيىتى — ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ نۆل قوشۇمچىلىق شەكلىگە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئاددى كېلىش شەكلىنى قوشۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىنى ئاددى كېلىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلەپ كېلەلمەيدۇ. پەقەت يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئاددى كېلىشلەر ئىچىدىكى بىر قانچە كېلىش شەكلىلا قوشما كېلىش شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلىدا قوشما كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. ئىسىملارنىڭ قوشما كېلىش شەكلىدە تۈرلىنىش ئۇسۇلىدىكى قەۋەتلەپ كەلگەن كېلىش شەكىللىرى ھەرگىز ئاددى شەكىلدە كېلىدىغان كېلىشلەر سانىنىڭ ئۈستىگە قوشۇلىدىغان يەنە بىر تۈرى بولماستىن، بەلكى ئەسلىدە بار ئاددى شەكىلدىكى كېلىشلەرنىڭ ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىش ئۇسۇلىدىن بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشنىڭ ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى باشقا تىللاردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس يەنە بىر ئالاھىدىلىگىنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل گىراماتىكىلىق ھادىسە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بۇنىڭغا تۆۋەندىكى كېلىش شەكىللىرى كىرىدۇ:

1) ئىگىلىك ئورۇن كېلىش — بۇ خىل قوشما كېلىش شەكلىدە، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» بىلەن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دا/تە»لەر ئۆز ئارا سىنتېتىك ئۇسۇلدا قوشۇلۇپ كېلىشتىن تۈزۈلگەن بىرىكمە شەكلىدە ئىسىملار ياكى ئىسىملىك سۆزلەر تۈرلىنىپ كېلىدۇ. بۇنداق كېلىش شەكلى ئۆزلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىملاردىن ئىپادىلەنگەن نەرسىلەرنىڭ تۇرغان ئورنىنى ياكى بۇ كېلىشتە تۈرلەنگەن ئىسىملار بىلەن مەلۇم بىر ھەركەت ياكى ھالەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرۈپ كېلىش ئارقىلىق بىر قىسىم ئىسىملىك سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق قوشما كېلىش شەكىللىرى پەقەت بەلگىلىك دائىرىدىكى ئىسىملىك سۆزلەردىن يەنى كىشىلىك ئالماش، كۆرسىتىش ئالماشتىنلا كېلىدۇ، قوشما كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن بۇنداق ئىسىملىك سۆزلەر جۈملىدە خەۋەر، تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بۇ كىتاپ مېنىڭدە، ئۇ دەپتەر سېنىڭدە، بۇ نەرسە بۇنىڭدا، قەلەم ئۇنىڭدا (جۈملىلەر تەركىۋىدە خەۋەر). بۇ كىتاپ مېنىڭدە ئەمەس. ئۇ كىتاپ بۇنىڭدا ئەمەس (جۈملىلەر تەركىۋىدە تولۇقلىغۇچى). بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يۇقۇرقى كېلىش شەكىللىرىدە كەلگەن ئىسىملار مەلۇم نەرسىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئۆز يېنىدا ياكى ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2) ئىگىلىك چىقىش كېلىش — بۇ خىل قوشما كېلىش شەكلىدە، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» بىلەن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن/تىن لەر» ئۆز ئارا سىنتېتىك ئۇسۇلدا قوشۇلۇپ، ئىسىملىك سۆزلەرنىڭ قوشما كېلىش شەكلىدە تۈرلىنىپ كېلىش ئۇسۇلىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق كېلىش شەكىللىرى ئۆزلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ئىش - ھەركەتنىڭ چىقىش ئورنىنى كۆرسىتىپ كېلىشنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە، تولۇقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كېلىشنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: بۇ دەپتەرنى سېنىڭدىن ئالدىم. بۇ دەپتەرنى مېنىڭدىن ئالدى. قەلەمنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋال. بۇ خىل كېلىش شەكلى بەزى كىشىلىك ۋە كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

3) ئىگىلىك بېرىش كېلىش — بۇ خىل قوشما كېلىش شەكلىدە، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» بىلەن بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى «غا» ئۆزئارا سىنتېتىك ئۇسۇلدا قوشۇلۇپ، ئىسىملىك سۆزلەرنىڭ قوشما شەكلىدە تۈرلىنىپ كېلىش ئۇسۇلىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق كېلىش شەكىللىرى ئۆزلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ھەركەت قارىتىلغان يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ، جۈملىدە تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنداق قوشما كېلىش شەكلى پەقەت كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: بۇ دەپتەرنى ئۇنىڭغا بەر. بۇ نەرسىلەرنى بۇنىڭغا تاشلىۋەت.

ئىسىملارنىڭ قوشما كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىشىدىن ئىبارەت بۇنداق هادىسە ئېتىراپ قىلىنمىسا، يۇقۇرقىدەك ئانالىشلاردىن كەلگەن ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى بېكىتىشكە ئامالسىز قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇنداق شەكىل ھەرگىز ئايرىم بىر كېلىش شەكلىنى كۆرسەتمەستىن، ئاددى شەكىلدىكى كېلىشلەرنىڭ قوشما شەكىلدە ئىپادىلىنىشىنىلا كۆرسىتىدۇ. ئىسىملىك سۆزلەرنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش سېستىمىسىدىكى مۇنداق بىرخىل ئۇسۇل كېلىشلەرنىڭ قەۋەتمۇ - قەۋەت ئۇلىنىپ كېلىشىدىن ئىبارەت گىراماتىكىلىق هادىسەلەرنىڭ تىلىمىزدا مەۋجۇتلىغىنى ئىسپاتلاپ، «كېلىشلەر قەۋەتمۇ - قەۋەت ئۇلانمايدۇ» دىگەن قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ جايدا شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىشكە تېگىشلىككى، ئاددى كېلىشلەردە بەزى كېلىشلەرنىڭ قەۋەتمۇ - قەۋەت ئۇلىنىپ كېلىشى كېلىشلەرنىڭ، جۈملىدىن، كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەشتىكى يوقلۇق ياكى ئادەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى بولماستىن، بەلكى كېلىشلەرنىڭ مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىگىنى، جۈملىدىن، بۇ خىل ئەھۋال ئىسىملارنىڭ كېلىش خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلىدىغىنىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، تىلىمىزدىكى ئىسىملىك سۆزلەر جۈملىدە مەلۇم بىر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىشتە، ئۆزلىرىنىڭ ئاددى شەكلىدىكى كېلىش شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىش ئۇسۇلىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قوشما كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىش يولى بىلەنمۇ، جۈملىدە بەلگىلىك بىر ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلەلەيدۇ. بۇ چاغدا ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر ئەسلىدە مەلۇم بىر كېلىش بىلەن ئاددى ئۇسۇلدا تۈرلىنىپ، مەلۇم بىر ۋەزىپىدە كەلگەن بولسا، قوشما كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەندە ياكى ئىلگىركى ئاددى كېلىش شەكلىدە بەلگىلەنگەن ۋەزىپىدەك ۋەزىپىسىنى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىر ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «بۇ مېنىڭ كىتاۋىم» دىگەن جۈملىدە «مېنىڭ» ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن بولسا، «بۇ كىتاپ مېنىڭدە» دىگەن جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. «مەن بۇ كىتاپنى ئۇنىڭدىن ئالدىم» دىگەن جۈملىدە، تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. دىمەك، ئىسىملىك سۆزلەرنىڭ ئاددى ياكى قوشما كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئارىسىدا زور پەرق بار. ئەگەر كېلىشلەر قوشما شەكىلدە كەلمەيدۇ، دەيدىغان بولساق، يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «كىتاپ» سۆزىنىڭ ئۈچ خىل ۋەزىپىدە كېلىشىنى بەلگىلەپ كېلىۋاتقان نەرسە نىمە؟ بۇ هادىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەس بولۇپ قالامدۇ؟

ئىسىملارنىڭ قوشما شەكىلدە تۈرلىنىش ئۇسۇلىغا يەنە تۆۋەندىكىدەك كېلىش شەكىللىرىمۇ كىرىدۇ.

4) بېرىش - تەڭلەشتۈرمە كېلىش — بۇ خىل كېلىشلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن هاسىل بولغان ئىسىملارنىڭ قوشما كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى — بېرىش كېلىش

قوشۇمچىسى «غا/قا/گە/كە/»لەر بىلەن ئاددى كېلىش شەكلى يەنى «تەڭلەشتۈرمە كېلىش»نىڭ بەلگىسى ھېساپلانغان ياردەمچى سۆز «چە (چىلىك)»نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «غىچە/قىچە/گىچە/كىچە» شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قوشما كېلىش ئىسىملارنىڭ جۈملىدە تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قوشما كېلىش شەكلى ھەرگىز ئۆز ئالدىغا بىر ئاددى كېلىش شەكلىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئىسىملارنىڭ قوشما كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلىغا كىرىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ قوشما كېلىش شەكلى ئىپتىلىشى، يېزىلىشى جەھەتلەردە چەكلىمە ھال پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ تەركىۋىنىڭ كېلىش مەنبەئى، ئۇلىنىدىغان سۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەم جۈملىدە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى جەھەتلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. كېلىش مەنبەئىدىن ئېيتقاندا، ئىسىملارنىڭ قوشما كېلىش شەكلىدە تۈرلىنىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدىغان بەلگىلەر تەركىۋىدىكى «غا/قا/گە/كە»لەر بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ۋە ياردەمچى سۆز «چە»نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن بولسا، ھال پېئىلنى ياسىغۇچى قوشۇمچە «گىچە/غىچە»لەر، «بارغۇ، كەلگۈ» دېگەن ھەركەتنامىلارنىڭ تەركىۋىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچە «غۇ/گۈ/تۇ/كۈ»لەر بىلەن رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە «چە»دىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئۇلىنىدىغان سۆزىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، بىرىسى، پېئىللارغا قوشۇلۇپ كەلسە (يەنى سۆزياسىغۇچى، «غىچە، قىچە، گىچە، كىچە»لەر)، بىرسى ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىدۇ (يەنى، قوشما كېلىش «غىچە، قىچە، گىچە، كىچە» لەر). ئۇلىنىش ئۇسۇلى ياكى ئىپادىلەيدىغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، بىرسى ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكلى يەنى بەلگىسى ئارقىلىق باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان گىراماتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى بىر سۆز تەركىۋىدە شۇ سۆزنى باشقا بىر سۆزدىن يېڭى سۆز قىلىپ ياساپ، ئۆزى ئېنىقلايدىغان سۆزگە يانداش باغلىنىشتا كېلىدۇ. جۈملىدىكى ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، بىرسى (قوشما كېلىش شەكلى) ئىسىملارنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق ئورنىنى كۆرسىتىپ كەلسە، يەنە بىرى (سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار) ئۆزى ياسىغان سۆز بىلەن بىر پۈتۈن سىنتېتىك بىرلىك سۈپىتىدە جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدىن، كېلىش دېيىلىۋاتقان بۇ شەكىل سىنتېتىك ئۇسۇلدىكى بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ياردەمچى سۆز «چە» نىڭ سىنتېتىك ـ ئانالىتىك ئۇسۇلدا بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: قەشقەرغىچە باردىم. مەكتەپكىچە بارىدۇ (بۇ جۈملىلەردە، قەشقەرغىچە، مەكتەپكىچە دېگەنلەر تولۇقلىغۇچى). سىز كەلگىچە ساقلاپ تۇرىمەن. ئۇ بارغىچە كەتتى (بۇ جۈملىلەردە «كەلگىچە، بارغىچە» ھالەت).

5) ئىگىلىك ـــ ئۈملۈك كېلىش ـــ بۇ قوشما كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملىك سۆزلەر يەنى كىشىلىك ئالماشلار بىلەن كۆرسىتىش ئالماشلار ئۈملىك كېلىش بەلگىسى «نىڭ» قوشۇمچىسىغا ئۈملۈك كېلىش بەلگىسى «بىلەن» دېگەن سۆز ئارقا

ياردەمچىسى ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىسىملىك سۆزلەر جۈملىدە تولۇقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم. بۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىن.

ئالماشلارنىڭ بۇنداق تۈرلىنىش ئۇسۇلىدا يەنە خۇددى شۇ شەكىلدە ئىگىنىڭ ۋاستىلىق مۇناسىۋىتىنىمۇ بىلدۈرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەر بەلگىلىك سۆزلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، بىرەر ھەركەتنىڭ قورالىنى ياكى ئۆملۈك مەنىدىكى ھەركەتنىڭ ئوبيېكتى، ۋاستىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇلارنىڭ ئارتىغا «كى» ياردەمچى سۆزى قوشۇلۇپ، كېلىشىك بىرىكمىلەر ھاسىل قىلىنسا، كىشىلىك ئالماشقا قوشۇلغاندا ياكى كىشىلىك ئالماشتىن باشقا ئىسىملارغا قوشۇلغاندا، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە بېقىنىپ كېلىشىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭكى بىلەن يازدىم. مەمەتلەرنىڭ ئۆيىدىكى بىر كىشى بىلەن سۆزلەشتىم. بۇ چاغدا يۇقۇرقى جۈملىلەردىن ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن يازدىم، مەمەتلەرنىڭ ئۆيىدىكى بىر كىشى بىلەن سۆزلەشتىم، دىگەن مەنا چىقىدۇ. يۇقۇرقى جۈملىلەردە بۇ مەنالەرنى ئىپادىلەيدىغان «قەلەم»، «ئۆيىدىكى بىر كىشى» دىگەن ئىسىملىك سۆزلەر يوشۇرۇن كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەپ كەلگەن «كى» ئۇلانمىسى (ياردەمچى سۆزى) ھەم ئۆزى قوشۇلغان سۆزلەرنى ئېنىق، روشەن كۆرسىتىپ كېلىدۇ، ھەم ئۆزى قوشۇلغان ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى ئابستراكت كۆرسىتىپ كېلىدۇ. بۇ خىل كېلىش شەكلى جۈملىدە تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئىسىملارنىڭ قوشما كېلىش شەكلىدە تۈرلىنىش ئۇسۇلىدىكى يۇقۇرقى شەكىل ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر «كى» قوشۇلسا. سىنتېتىك — ئانالىتىك ھەم ئانالىتىك شەكىلدە كېلىدۇ.

6) ئىگىلىك ـ مەزمۇن كېلىش — ئىسىملارنىڭ بۇ خىل قوشما كېلىش شەكلىدە ئىپادىلىنىشى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» بىلەن ئارقا ياردەمچى سۆز «توغرۇلۇق»، «ھەققىدە»، «توغرىسىدا» قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىپ، بۇ بەلگىلەر كىشىلىك، كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ جۈملىدە تولۇقلىغۇچى بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۇ توغرۇلۇق نىمە گەپلەر بولدى؟ بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كۆردۈڭمۇ؟ سەن توغرۇلۇق ئاز ـ تولا گەپ قىلدىم.

(3) ئىسىملارنىڭ مۇرەككەپ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلىدا ئاددى شەكىلدىكى كېلىشلەرنىڭ ھەم سىنتېتىك، ھەم ئانالىتىك ئۇسۇللار ئۆز ئارا كىرىشىپ، ئارىلاش بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشتە ئالاھىدە رول ئۆتەيدىغان، ئالاھىدە شەكىللەر بىلەن قېلىپلاشقان بىر قىسىم بىرىكمىلەر بولۇپ، بۇنداق ئالاھىدە شەكىلدە بىرىكىپ قېلىپلاشقان بىرىكمىلەرنى كېلىشىك بى-

رىكمە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىكىش دەرىجىسى ۋە رولى خۇددى باشقا تىللاردىكى ياردەمچى سۆزلەر بىرىكمىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنداق ئالاھىدە بىرىكمىلەر شۇ تىللاردا بىر پۈتۈن بىرىكمىسى بىلەن خۇددى بىر كېلىشتەك ۋەزىپە ئۆتىگەنگە ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئەنە شۇنداق كېلىشىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەنە شۇنداق كېلىشىك بىرىكمىلەردىن كەلگەن ئىسىملار ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنى ئىسىملارنىڭ مۇرەككەپ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى دەپ ئاتايمىز. مۇنداق كېلىشىك بىرىكمىلەرگە تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل شەكىلدە كەلگەن بىرىكمىلەرنى كىرگۈزگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى خىل شەكلى: بۇ خىل كېلىشىك بىرىكمىدە، ئىسىملارنىڭ نۆل قوشۇمچىلىق شەكلىگە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دا/تا»، ياردەمچى سۆز «كى» ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ. بۇنداق كېلىشىك بىرىكمىلەر ئارقىلىق جۈملىدە ئىسىملار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار، ئۆيدىكى ئىشلار. بۇ خىل ھادىسە ۋە ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلىنىڭ قوشۇمچە ـ ياردەمچىلىك ئىپادىلىنىشى، يەنى كېلىشلەرنىڭ ھەم سىنتېتىك ـ ئانالىتىك خاراكتېرنى ئېلىشى دېمەكتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا ئاددى كېلىشتىن ئىپادىلىنىپ بولغان گىرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر «كى» ياردەمچىسى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق بولۇپ كېلىدۇ. بۇ جايدا شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، «دىكى/تىكى» دېگەنلەرنى ئاددى كېلىش دېگىلىمۇ، قوشما كېلىش شەكلى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر بۇنى ئاددى كېلىش دەپ قارىغاندا، ئۇ چاغدا مېنىڭكى، سېنىڭكى دېگەنلەردىكى «نىڭكى» دېگەنلەرنى ئاددى كېلىش شەكلى دېيىشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى خىل شەكلى: بۇ خىل كېلىشىك بىرىكمىدە، نۆل قوشۇمچىلىق بەزى ئالماشلار (كىشىلىك، كۆرسىتىش، ئۆزلۈك ۋە ئۆملۈك ئالماشلار) ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» بىلەن «كى» ياردەمچى سۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن شەكىلدە تۈرلىنىپ كېلىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ باشقا سۆزلەرگە بولغان ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. شۇ ئارقىلىق يۇقۇرقى ئالماشلار جۈملىدە بەلگىلىك ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن: بۇ دەپتەر مېنىڭكى (خەۋەر). بۇ سېنىڭكى دەپتىرىڭ (ئېنىقلىغۇچى). بۇ نەرسە ھەممىنىڭكى (خەۋەر). بۇ نەرسىلەر ئۆزەمنىڭكى (ئېنىقلىغۇچى). ھەركىمنىڭكى ئىشى بار. (ئېنىقلىغۇچى).

يۇقۇرقىدەك كېلىشىك بىرىكمىلەرنىڭ تەركىۋىدە ئورۇن ۋە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن باشقا، ياردەمچى سۆز «كى» مۇ بار. «كى» ياردەمچى سۆز بولغاچقا (بۇ ئىسىملارنى رەۋىشلەشتۈرگۈچى ياكى سۈپەتلەشتۈرگۈچى قوشۇمچە ئەمەس، بەلكى ياردەمچى سۆز) ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا كېلىشلەرنىمۇ، باشقا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى-

مۇ قوشقىلى بولىدۇ. ھەتتا ئالاھىدە شەرت ئاستىدا بىرقانچە كېلىش بىلەن ئىسىملارنىڭ يەنى ئۆزى قوشۇلغان سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ھەر خىل ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ كېلىدۇ. بۇنداق كېلىشنىڭ بىرىكمىلەرگە يەنە تۆۋەندىكىدەك مۇرەككەپ شەكىللىرىنىمۇ كىرگۈزگىلى بولىدۇ.

① نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىم + دىكى (لەر) + نى، مەسىلەن، ئۆيدىكىلەرنى.

② نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىم + دىكى(لەر) + نىڭ + كى + گە، مەسىلەن، ئۆيدىكىلەرنىڭكىگە.

③ نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىم + نىڭ + كى + دەك، مەسىلەن، سەمەتنىڭكىدەك.

④ نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىم + نىڭ + كى + دەك + (لەر) + نى، ياكى قوشۇلغان گە، دىن، مەسىلەن، سەمەتنىڭكىدەكلەردىن (ئالدىم).

ياكى سەمەتنىڭكىدەكلەرنىڭكىگە (كەتتى)

ياكى سەمەتنىڭكىدەكلەرنىڭكىدىن (كەلدى)

ياكى سەمەتنىڭكىدەكلەرنىڭكىدە (قالدى)

⑤ نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىم + دىكى + سى، مەسىلەن، ئۆيدىكىسى كەلدى.

نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىم + دىكى + سىدىن، مەسىلەن، ئۆيدىكىسىدىن ئالدىم.

نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىم + دىكى + سىگە، مەسىلەن، ئۆيدىكىسىگە بەردى.

نۆل قوشۇمچىلىق ئىسىم + دىكى + سىدە، مەسىلەن، ئۆيدىكىسىدە قالدى.

⑥ قوشۇمچىلىق ئىسىم + دەك + (لەر) + ئى + نى (گە/دىن/دە)، مەسىلەن، ئۆيدەكلىرىدىن، ئۆيدەكلىرىگە، ئۆيدەكلىرىدە.

يۇقۇرىقىدەك كېلىشنىڭ بىرىكمىلەر تەركىۋىدىكى گىرامماتىكىلىق ئامىللار بۇ خىل مۇرەككەپ شەكىلدە تىزىلىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسىدا بەزىلىرى ياردەمچى سۆز قوشۇمچىلىق ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلىرى ياردەمچى سۆز قوشۇمچىلىق ئىپادىلىنىشىدىن باشقا يەنە ئۆز تەركىۋىدە كۆپلۈك، تەۋەلىك قوشۇمچىلارنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەلگەن بولىدۇ. ئىسىملارنىڭ ئاددىي كېلىشلەر بىلەن مۇرەككەپ ئۇسۇلدا تىزىلىپ كېلىشتە بۇ خىل ھادىسىلەر كېلىشنىڭ بىرىكمىلەرنىڭ ھەم سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك ياكى سىنتېتىك ـ ئانالىتىك، ئانالىتىك ـ سىنتېتىك خاراكتېرىنى ئېلىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسىملار نېمە ئۈچۈن ئاددىي كېلىشلەر بىلەن مۇنداق خاراكتېردە تىزىلىپ كېلىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەپ، ئىسىملار جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەندە، ئۆزىنىڭ ئاددىي ياكى قوشما كېلىش شەكىللىرى ئارقىلىق ھەر خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بىراق مۇشۇنداق ھەر خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي كېلىشلەردىن ھاسىل بولغان جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى بەزى ئىسىملار تىلىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىگى سۈپىتىدە سۆزلەشئادىتىدە چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ

جۈملىدىكى ئورنىنى ئۆزلىرىگە قوشۇلۇپ كەلگەن ئاددىي كېلىشلەرنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بەزى ئىسىملار ئۆزى چۈشۈپ قالسىمۇ، بىراق ئۆزلىرىگە قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئاددىي كېلىش شەكىللىرى، ياردەمچى سۆزلەر جۈملىدە يەنە داۋاملىق ساقلىنىپ، ئۇلار قەۋەتمۇ-قەۋەت ئۇلىنىپ قالىدۇ-دە، بىر نەچچە ئاددىي كېلىش شەكلى بىر يەرگە تەسادىپىي يىغىلىپ قالغان بىرىكمىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق تەسادىپىي بىرىكىپ قالغان كېلىشىك بىرىكمىلەرنىڭ تەركىۋىدە، بەزىدە چۈشۈپ قالغان ئىسىملار ئەسلى كۆپلۈك ساندا ياكى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىر كەلگەن بولسا، ئەنە شۇ قوشۇمچىلارنى ئىپادىلەيدىغان «لەر»، «ئى»، «سى» دېگەندەك قوشۇمچىلار جۈملىدە ساقلىنىپ، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، قەۋەتلەپ كەلگەن كېلىش شەكىللىرىنىڭ تەركىۋىگە ئۇستەكلەپ قوشۇلۇپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چۈشۈپ قالغان سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ساقلىنىپ قالغان كېلىشلەربىلەن بىرگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لەر»، تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىدىن «ئى/سى»، ياردەمچى سۆزلەردىن «كى» قاتارلىقلار ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇنداق كېلىشىك بىرىكمىلەردە سۆزلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن چۈشۈپ قالماسلىقىنىڭ شۇ بىرىكمىلەرنىڭ جۈملىدە ئوينايدىغان رولى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى بار. بۇئەھۋالنى تۆۋەندىكى مىساللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: سەمەتنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭكىگە باردىم. دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملە تەركىۋىدىكى «ئۆيىدىكىلەرنىڭكىگە» دېگەن بىرىكمە يۇقۇرقى جۈملىدە مەلۇم بۆلەكلەر چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، مۇشۇ ھالغا كەلگەن كېلىشىك بىرىكمە بولۇپ، ئۇنى ئەسلىدىكى بۆلەكلىرى چۈشۈپ قالمىغان تولۇق ھالغا كەلتۈرسەك، تەخمىنەن مۇنداق ھالغا كېلىدۇ. يەنى «سەمەتنىڭ ئۆيىدىكى ئەمەت، تۇرسۇنلارنىڭ قېشىغا باردىم» دېگەن تولۇق جۈملىگە ئايلىنىدۇ. ئەمدى بۇ جۈملە بىلەن ئىلگىرىكى بىرىكمىنىڭ سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئىلگىرىكى جۈملىدە «ئۆيىدىكىلەرنىڭكىگە» دېگەن بىرىكمە «مەن سەمەتنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭكىگە باردىم» دېگەندەك جۈملىلەردە بىر پۈتۈن تەركىۋى بىلەن جۈملىدە تولۇقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەگەر بۇنى بۆلەكلىرى چۈشمىگەن، تولۇق جۈملە بويىچە تەھلىل قىلساق، «مەن سەمەتنىڭ ئۆيىدىكى ئەمەت، تۇرسۇنلارنىڭ قېشىغا باردىم» دېگەندە، «ئۆيىدىكى» بىلەن «ئەمەت، تۇرسۇنلارنىڭ» دېگەنلەر ئېنىقلىغۇچى، «قېشىغا» دېگەن بۆلەك تولۇقلىغۇچى بولۇپ، بۇ ئەسلى 3 جۈملە بۆلىكى بولۇپ، «ئۆيىدىكىلەرنىڭكىگە» دېگەندىن زور پەرقلىنىدۇ. «ئۆيىدىكىلەرنىڭكىگە» دېگەن پەقەت بىرلا تولۇقلىغۇچىنى كۆرسەتسە، بۇ بىرىكمىنىڭ ئەسلىدىكى قۇرۇلمىسى ئىككى ئېنىقلىغۇچى، بىر تولۇقلىغۇچىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئۆيىدىكىلەرنىڭكىگە» دېگەن بۇنداق ئالاھىدە بىرىكمىنى ئۇيغۇرچىدا ئۆزىمىز سۆزلەپ، ئاڭلاپ ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇ بىزگە ئانچە يات ئەمەس ياكى مەنىسى چۈشىنىشلىكتەك سې-

زىلگىنى بىلەن، ئەگەر ئۇنى باشقا بىر تىلغا، مەسىلەن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلسە، بىزنىڭ تەھلىلىمىزدە يۇقۇرقى بىرىكمە جۈملىدە بىر بۆلەك بولۇپ كەلگەن خەنزۇچىدا چوقۇم «ئۆيدىكى»، «سەمەت، تۇرسۇنلارنىڭ»، «قېشىغا» دىگەن ئۈچ بۆلەك بويىچە تەرجىمە قىلىنىدۇ ياكى ئائىلىدىكى بارلىق كىشىلەر قېشىغا دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بولمىسا، خەنزۇچىغا توغرا تەرجىمە قىلىنمىغان بولىدۇ - دە، بىزنىڭ دىمەكچى بولغان ئۆي - پىكرىمىز ئۇلارغا تولۇق يەتمەي قالىدۇ.

دىمەك، يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، «ئۆيدىكىلەرنىڭكىگە» دىگەن بىرىكمىدە ئەسلىدىكى ئىككى «ئىنىقلىغۇچى» شەكىل جەھەتتە يوقاپ كېتىپ، ھەممىسى بىر تولۇقلىغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. لىكىن مەنا جەھەتتىن يەنىلا ساقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ شەكىل جەھەتتىن يوقاپ كېتىپ، مەنا جەھەتتىن ساقلىنىپ تۇرۇشىنى كۆرسىتىپ، كېلىۋاتقان ئامىللار نىمە؟ بۇ ئامىللار ئەنە شۇ بىرىكمىلەر تەركىۋىدىكى ئىككى ئىنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كېلىۋاتقان بۆلەكلەرنىڭ ئورنىدا كېلىۋاتقان يەنى ئۇلارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ كېلىشىك ۋەزىپىدە كېلىۋاتقان «دىكى/ تىكى، كى»دەك ياردەمچى سۆزلەردۇر. ئېھتىمال، بەزىلەر «ئۆيدىكىلەرنىڭكىگە» دىگەن بىرىكمىنىڭ جۈملىدە تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىنى بەلگىلەۋاتقان ئامىل ئۇنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان «گە» قوشۇمچىسى، دىيىشى مۇمكىن. كۆرۈنۈشتە يۇقۇرقى بىرىكمىنىڭ تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىنى بەلگىلەپ كەلگەن ئامىل «گە»دەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بىرىكمىلەرنىڭ (بۇ بىرىكمىلەرنىڭ ئورنىنى دەسسەپ كېلىۋاتقان كېلىشلەرنىڭ) ياردىمى ئاستىدىلا شۇ ۋەزىپىنى ئۆتىيەلەيدۇ. ئەگەر ئالدىنقى كېلىشلەرنىڭ مەلۇم كېلىشلىك رولى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىدىگەندەك روشەن بولماي قالغان بولاتتى. مەسىلەن، «ئۆيدىكىلەرنىڭكىگە» دىگەن بىرىكمە تەركىۋىدىن «دىكىلەر، نىڭ، كى» دىگەنلەرنى ئېلىۋەتسەك، ئۇ ھالدا بۇ بىرىكمە «ئۆيگە» بولۇپ قالىدۇ - دە، ۋەزىپە جەھەتتىن تولۇقلىغۇچى بولۇپ كېلىۋاتقان بىلەن، ئىپادىلەيدىغان مەنا جەھەتتىن ئىلگىرىكى مەنىلەرنى ھىچبىر ئىپادىلىيەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، يۇقۇرقى بىرىكمىنىڭ جۈملىدىكى رولىنى يالغۇز ئۇنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن بىر «گە» قوشۇمچىسىغا باغلاپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ رولىنى شۇ بىرىكمە تەركىۋىدىكى ھەممە سىنتاكسىسلىق ئامىللاردىن بەلگىلەشكە بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق بىرىكمىلەرنى ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستىمىسىدا ئالاھىدە خاراكتىردىكى كېلىشىك بىرىكمىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، دەپ قاراش لازىم. يۇقۇرقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كېلىش قوشۇمچىلىرى، ياردەمچى سۆزلەر يەككە - يەككە كەلگەندە، جۈملىدە ئۆزلىرى ئۇلانغان سۆزلەرگە باغلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ۋەزىپە ئۆتەپ كەلسىمۇ، بىراق بەزى جۈملىلەردە مەلۇم بۆلەكلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەپ كېلىدىغان مەلۇم تەركىپلەر ئۇلارغا بىۋاستە ئۇلىنىپ قېلىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى بىردىن ئوشۇق

جۈملە بۆلىگى بىر جۈملە بۆلىگىگە ئايلىنىپ قېلىپ ياكى يىغىنچاقلىنىپ قالىدۇ ـ دە، بۇنداق بىرىكمىلەر تەركىبىدە ھەم كېلىش قوشۇمچىلىرى، ھەم ياردەمچى سۆزلەر، ھەم باشقا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىر قۇرۇلما ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، جۈملىدە بىرلا جۈملە بۆلىگى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ كېلىشىك بىرىكمىلەر ئىچىدە، بەزى كېلىشلەر ئاددى شەكىلدە كەلگەندە، ئۆزىدىن كېيىن ھەر قانداق بىر سۆز تۈرلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلمايدىغان بولىسمۇ، بىراق ئۇنداق بىرىكمىلەر تەركىۋىدىكى كېلىشلەر مەلۇم ئىسىملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى شەرت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن باشقا تۈرلىگۈچى ۋە باشقا مەنا بەرگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تەسادىپى بىرلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ـ ئۈچ كېلىش، ھەتتا كېلىشلەرنىڭ ئۈستىگە بەزى باشقا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، قەۋەتمۇ ـ قەۋەت كېلىدۇ. ئەگەر مەلۇم ئىسىملار چۈشمەيدىغان بولسا، كېلىشلەرنىڭ بۇنداق قەۋەتلەپ كېلىدىغان ھادىسىسى ئانچە يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئىسىملارمۇ ئاددى كېلىش ئۇسۇلىدا تۈرلىنىپلا كېلىپ، بۇنداق مۇرەككەپ ھالدا تۈرلىنىش ئۇسۇلى ئىچىگە كىرىپ قالمىغان بولاتتى. شۇڭا، تىلىمىزنىڭ بۇ ئەمەلىيىتىنى نەزەرگە ئالغاندا، جۈملىدە مەلۇم ئىسىملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى شەرت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا كېلىپ چىقىدىغان گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنى نەزەرگە ئالماي، ئىسىملارنىڭ مۇرەككەپ شەكىلدە تۈرلىنىش ئۇسۇلىنى ئىنكار قىلىشقا، يەنى كېلىشلەرنىڭ قەۋەتلەپ كېلىشنى كېلىش كاتېگورىيىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئىلگىركى 6 خىل كېلىشتەك ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى يەنە بۇرۇنقى 6 كېلىشنىڭ سىنتاكسىسلىق تەقسىماتىغا بويسۇنىدۇ، دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار ساپ ئاددى كېلىش شەكلىنى يەككە ئىپادىلەپ كەلمىسىمۇ، بىراق ئىسىملارنىڭ ئالاھىدە تۈرلىنىش ئۇسۇلىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئالاھىدە گىرامماتىكىلىق ھادىسە سۈپىتىدە كېلىشىك بىرىكمىلەر دېگەن نام بىلەن تەۋەلىك جەھەتتە ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسى ئىچىگە قويۇش لازىم. چۈنكى، (1) كېلىشىك بىرىكمىلەر قۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ساپ ئاددى شەكىلدىكى كېلىش ئەمەس، بىراق مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئاددى كېلىشلەردەك مەلۇم بىر مەنىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ ھەم مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىسى ساپ ئاددى شەكىلدىكى كېلىشلەرگە قارىغاندا، كەڭرەك مەنىلەرنى بىلدۈرگەندىن باشقا، كۆرسىتىش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىككى ـ ئۈچ جۈملە بۆلىگىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىرلا ئۆز ئۈستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ. (2) ئۇلارنى مۇستەقىل سۆزلەر تۈركۈمىگە سېلىشتۇرساق، ئۇنداق سۆزلەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ. (3) ئۇلارنى سۆز بىرىكمىسى دەپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ، بىزگە مەلۇم، بىزنىڭ ھازىرغىچە بولغان چۈشەنچىمىز بويىچە ئېيتقاندا، سۆز بىرىكمىلىرى مۇستەقىل سۆزلەردىن كېلىش

دۇ. بىراق كېلىشىك بىرىكمىلەر ھەم مۇستەقىل، ھەم قوشۇمچە، ھەم ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن، ھەتتا بەزىدە سان، تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن شەكىلدە كېلىدۇ.

خۇلاسە: ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك تىل خۇسۇسىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىسىملارنىڭ كېلىش بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلىنى چىقىش نۇقتا قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ساپ ئاددى شەكىلدىكى كېلىشلەر بىلەنلا تۈرلىنىپ قالماستىن، قوشما ۋە مۇرەككەپ كېلىش شەكىللىرى بىلەنمۇ تۈرلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن مەيلى ئاددى شەكىلدىكى، مەيلى قوشما شەكىلدىكى، مەيلى مۇرەككەپ شەكىلدىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلسۇن، كېلىش كاتېگورىيىسىدىكى كېلىشلەرنىڭ سانى بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يۇقۇرقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، سىنتېتىك ھەم ئانالىتىك كېلىش بولۇپ، جەمئىي 12 دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بىراق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغاندا، مېنىڭچە، ھازىرقى ئەھۋالدا كېلىش سانىنى بۇنىڭدىن ئاز ياكى بۇنىڭدىن كۆپ دېگىلىمۇ، پەقەت ساپ ئاددى شەكىلدىلا كېلىدۇ، قوشما ھەتتا مۇرەككەپ شەكىلدە قەۋەتمۇ - قەۋەت كەلمەيدۇ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بۇنى بىزنىڭ يۇقۇرىدا كېلىش ھەققىدىكى تەھلىللىرىمىز ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنى تار مەنىدىكى چۈشەنچە بويىچە، ساپ تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار بىلەنلا چەكلەپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. تىلىمىزنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ سىستېمىسى سۆز تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلاردىن باشقا، سۆز ئارقا ياردەمچى، سۆز ۋە كېلىشىك بىرىكمىلەر بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىسىملارنىڭ كېلىش سىستېمىسى ھەققىدە بىر پۈتۈن تولۇق بىر چۈشەنچىنى تىكلىشىمىز لازىم. جۈملىدىن، كېلىشلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە، جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، جۈملە تەھلىلىنى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرىدۇ. قاتلاملىرىنى تولۇق چۈشىنىشكە ياردىمى زور بولىدۇ. يۇقۇرىدا كېلىش سىستېمىسى ھەققىدە دەسلەپكى پىكىرلىرىمنى قويۇپ ئۆتتۈم، يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمەن.

# ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا

جۈمە ئابدۇللا

مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئەسلىدە بار بولغان تىل بايلىقىرى ۋە تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى سۆز ياساش ھەمدە ئېھتىياجغا ئاساسەن، باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق لېكسىكىسىنى بېيىتىپ كەلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىللاردىن، جۈملىدىن رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز - ئاتالغۇلار مەلۇم سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. 50 - يىللاردا رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە بەزى قائىدىلەر بەلگىلىنىپ، 1954 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى»غا كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

3 - ئومۇمىيغىندىن كېيىن، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدىكى «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ تۈزىتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئاممىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇيغۇرچە يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ پرىنسىپلىرى بەلگىلەندى. بۇ پرىنسىپلارغا ئاساسەن بىرقىسىم خەنزۇچە سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچە سۆز - ئاتالغۇلار قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، ئىلگىرى ئاممىا كەڭ تۈردە قوللانغان رۇسچە ۋە خەلقارا سۆز - ئاتالغۇلار يېڭىۋاشتىن قوللىنىلىشقا باشلىدى. نۆۋەتتە، بۇ رۇسچە ۋە خەلقارا سۆز - ئاتالغۇلارنى ھەرقايسى مەتبۇئات ئورۇنلىرى ھەرخىل يېزىۋاتىدۇ. مەسىلەن: «Профессор، ДиаЛектика، Программа» قاتارلىق سۆزلەرنى بەزى مەتبۇئاتلار① «پۇروگىرامما، دىيالېكتىكا، پىروفېسسور» قىلىپ يازسا، بەزى مەتبۇئاتلار② «پروگىراما، دىالېكتىكا، فىروفېسسور» قىلىپ يازماقتا. دېمەك، رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز - ئا-

① مىللەتلەر نەشرىياتى.

② شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللار.

تالغۇلارنىڭ ئىملاسىدا بىرلىك يوق. شۇڭا، بۇ ھەقتە چوڭقۇرراق ئىلمىي مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان، ھەممە مەتبۇئات ئورۇنلىرى ۋە كەڭ ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان بىر پىرىنسىپنى تېزرەك بەلگىلەپ چىقىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

يېقىنقى 2 ـ 3 يىلدىن بۇيان چەتتىن كىرگەن سۆز ـ ئاتالغۇلار ۋە چەتئەل كىشى، يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا بىر قىسىم ماقالىلار ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلاردىن يولداش ئابدۇرىشىت سابىتنىڭ «ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز ـ ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا مەسلىھەت» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى (1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «لۇغەتچىلىك تەتقىقاتى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن) بىلەن يولداش يۇنۇس ئىلياسنىڭ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1983 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز ـ ئاتالغۇلار ھەم ئۇلارنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بىر قەدەر چوڭقۇر ئىزلىنىپ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن ماقالىلاردۇر. مەن بۇ ماقالامدا، ئابدۇرىشىت سابىت ۋە يۇنۇس ئىلياس يولداشلارنىڭ ماقالىلىرىدا (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئىككى پارچە ماقالىدا» دەپ ئېلىندى) ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلارغا ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلۇش بىلەن، ئوخشىمايدىغان بىر قانچە پىكرىمنىلا ئوتتۇرىغا قويىمەن.

رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنى يېزىشتا، ئىككى پارچە ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، تىلىمىزنىڭ فونېما سىستېمىسى، بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىسى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى قاتارلىق ئاساسىي قانۇنىيەتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى ئىمكان قەدەر ئەسلىدىكىسىگە ئوخشاش قىلىپ، تىلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرىنى تىلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇپ يازغاندىن باشقا، ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىشتە، شۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇزى ۋە يېزىلىشىنىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالى، ئۇنىڭغا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ئېيتىشتا، يېزىشتا قولايلىق بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى قاتارلىقلارغىمۇ قارىساق. تۆۋەندە ئىككى پارچە ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرگە ئوخشىمايدىغان پىكىرلىرىمنى كونكرېتراق ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. ئىككى پارچە ماقالىدا، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا ئەسلىدە «У» (ئۇ) سوزۇق تاۋۇشى بولسىمۇ، يېزىقىمىزدا (ئو) «О» يېزىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى «У» (ئۇ) تاۋۇشىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشقا ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا قوللىنىشقا ئىمكان بېرىدىغانلىقىدىن ئەسلىگە مۇۋاپىق «ئۇ» يېزىش

توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىلگەن. مېنىڭچە، مۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا
ھەيدىمىسەك. ئۇ سوزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇزى، ئومۇملىشىش دائىرىسى، ھازىرـ
قى ئىملاسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ، بەزىلىرىنى ئەسلىگە مۇـ
ۋاپىق «ئۇ» بىلەن، بەزىلىرىنى ئۆزلەشكىنى بويىچە «ئو» بىلەن يازساق. مەسىلەن:
«турник ، функция» قاتارلىق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا «فونكىتسىيە، تورنىك» دەپ
تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان ۋە يېزىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئومۇملىشىش دائىرىسى ئانچە كەڭ
ئەمەس. بۇنى ئاساسەن زىيالىلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلىدۇ. شۇڭا مۇنداق سۆزـ
لەرنى ئەسلىگە مۇۋاپىق «ئۇ» (u) بىلەن يازغاندىمۇ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمەيدۇ.
«Журнал» سۆزى كۆپ جايلاردا «ژۇرنال» (zurnal) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغاچقا، بۇ
سۆزنىمۇ ئەسلىگە مۇۋاپىق «ئۇ» (u) بىلەن يازغاندا كىشىلەرنىڭ ئەستە قالدۇرۇشىغىمۇ
ئاسان بولىدۇ. لېكىن «руль ، пункт ، сумка» قاتارلىق سۆزلەر تىلىمىزغا «سومكا
(somka)، پونكىت (ponkit)، رول (rol)» دەپ ئۆزلەشكەن ھەم شۇ بويىچە يېزىلىپ
قېلىپلاشقان. سومكا ــ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسە بولۇپ،
6 ـ 7 ياشلاردىكى بالىلاردىن تارتىپ قېرىلارغىچە ھەممىسى «سومكا» دەيدۇ. «پونـ
كىت» سۆزى شەھەرلەردىلا ئەمەس، يېزىلاردىمۇ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان بولۇپ، دىخانـ
لارمۇ «ئاشلىق پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى، توغۇت پونكىتى» دەپ ئاتايدۇ. ئەـ
گەر مۇنداق كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان، ئىملاسىمۇ قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەرنى ئەسـ
لىگە ياندۇرساق كىشىلەر كۆنەلمەيدۇ، سۆزنىڭ ئېيتىلىشى بىلەن يېزىلىشى ئوتتۇرـ
سىدىكى پەرق كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا يۇقۇرىدەك كەڭ تۈردە ئومۇملىشىپ كەتكەن
سۆزلەردىكى «ئو» ھەرپىنى ئەسلىگە قايتۇرماستىن ساقلاپ قالساق.

ئەسلىگە قايتۇرۇپ «ئۇ» (u) بىلەن يېزىشقا بولىدىغانلىرىغا مىسال:

| | | |
|---|---|---|
| فۇنكىتسىيە | (فونكىتسىيە ئەمەس) | функция |
| تۇرنىك | (تورنىك 〃 ) | турник |
| ژۇرنال | (ژورنال 〃 ) | Журнал |

ئەسلىگە قايتۇرماستىن، ئۆزلەشكىنى بويىچە «ئو» (o) بىلەن يېزىلىدىغانلىرىغا
مىسال:

| | | |
|---|---|---|
| سومكا | (سۇمكا ئەمەس) | сумка |
| پونكىت | (پۇنكىت 〃 ) | пункт |
| رول | (رۇل 〃 ) | руль |
| سوتكا | (سۇتكا 〃 ) | сутка |

2. ئىككى پارچە ماقالىدا، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا قاتار كەلگەن ئىككى
ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئى» (i) سوزۇق تاۋۇشنى قوشماسلىق توغرىسىدا مەسـ

لىھەت بېرىلگەن. مېنىڭچە، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىن، قانداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا، ئېيتىشقا، يېزىشقا قۇلايلىق بولۇش - بولماسلىقىغا قارىساق. مەسىلەن: «область» (ئوبلاست)، «сорт» (سورت) دېگەن سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «ئوبلاستى»، «سورتى» قىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ، ئوقۇشقا (ئېيتىشقا) قۇلايلىق بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا قاتار كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئى» قوشۇلمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بەزى سۆزلەرنىڭ (مەسىلەن: «Министр» سۆزىنىڭ) ئاخىرىدا ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچىسى «с» ئالدىنقى بوغۇمغا تەۋە (нис نىس) بولىدۇ. مۇنداق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۈچىنچى ئۈزۈك تاۋۇش (р ر) ئايرىم بوغۇم بولۇپ (Минис - т - ри مىنىس - ت - رى) قالىدۇ. بۇ چاغدا ئوتتۇرىدىكى ئىككىنچى ئۈزۈك تاۋۇش يالغۇز ھالەتتە ئوقۇلىدىغانلىقتىن، تەبىئىي يوسۇندا بىر سوزۇق تاۋۇشنى يەنى «ئى» نى قوشۇپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئاخىرىدا ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كېلىدىغان سۆزلەردە ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئى»نى قوشۇپ يازساق. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| Министр | (مىنىستىر - مىنىستىرى ئەمەس) | مىنىستىر - مىنىستىرى |
| Мггистр | ( » ) | ماگىستىر - ماگىستىرى (ماگىستر - ماگىسترى |
| пункт | ( » ) | پونكىت - پونكىتى (پۇنكت - پۇنكتى |

3. يولداش ئابدۇرېشىت سابىت ماقالىسىدا، رۇس تىلىدىن كىرگەن بەزى سوزلەردە ئالدىنقى بوغۇملىرى ئوچۇق بوغۇم بولۇپ، كېيىنكى بوغۇملىرىدا يالغۇز «ئا»، «ئو» «о» سوزۇق تاۋۇشلىرى ئۆزى بوغۇم تەشكىل قىلىپ كەلسە ياكى كېيىنكى بوغۇم شۇ خىل سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانسا، ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر «ي» (у) ھەرپىنى قوشۇپ يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يولداش يۇنۇس ئىلياس ماقالىسىدا، بۇنىڭ بىر ئوشۇقچە ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئىملادىكى ئىخچاملىقنى مەقسەت قىلىپ (گەرچە تەلەپپۇزدا بىر «ي» قوشۇلسىمۇ - قوشۇلمىسىمۇ)، «ي»نى قوشماي يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مېنىڭچە، مۇنداق سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى (Радио ، Материал ، Пролетариат) دىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر «ي»نى قوشۇپ «پرولېتارىيات، ماتېرىيال، رادىيو» قىلىپ يېزىۋاتقىنىمىزغا خېلى ئۇزۇن بولدى. يېقىندىن بۇيان بەزى مەتبۇئاتلار① بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر قىسىم سۆزلەردىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىغا «ي»نى قوشۇپ يېزىۋاتىدۇ. باشقا مەتبۇئاتلارمۇ مۇنداق سۆزلەردىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىغا بەزىدە «ي»نى قوشۇپ، بەزىدە قوشماي يېزىۋاتىدۇ. ئومۇمەن، مۇنداق سۆزلەردىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىغا «ي»نى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش ۋە يېزىش بىر قەدەر ئومۇملىشىپ

① مىللەتلەر نەشرىياتى.

قالدى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ مۇنداق سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشىغا، ئىملاسىنى ئەستە قالدۇرۇشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىر «ي»نى قوشۇپ يازساق. مەسىلەن:

دىيالېكتىكا (دىالېكتىكا ئەمەس) Диалектика

پرولېتارىيات (پرولېتارىات 〃 ) Пролетариат

رادىيو (رادىو 〃 ) Радио

رېيال (رېال 〃 ) Реал

دىيالوگ (دىالوگ 〃 ) Диалог

لېكىن، ئالدىنقى بوغۇمى «ئى» ياكى «ئې» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان، كېيىنكى بوغۇمىدا «ئا» ياكى «ئو» سوزۇق تاۋۇشلىرى مۇستەقىل بوغۇم ياكى بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن بەزى سۆزلەردە «ئا»، «ئو» سوزۇقلىرىنىڭ ئالدىغا «ي» ئۈزۈك تاۋۇشى قوشۇلماي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا مۇنداق سوزلەردىكى «ئا»،«ئو»نىڭ ئالدىغا «ي»نىڭ قوشۇلماي يېزىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاۋىياتسىيە (ئاۋىاتسىيە ئەمەس) Авиация

گېيولوگىيە (گېولوگىيە 〃 ) Геология

فىزىيولوگىيە (فىزىولوگىيە 〃 ) физиология

فېيودالىزم (فېودالىزم 〃 ) феодализим

4. رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كەلگەن، ئالدىنقى بوغۇمى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلىشىپ، كېيىنكى بوغۇمى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بەزى سوزلەردە كېيىنكى بوغۇمنىڭ بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىمۇ تەلەپپۇز قىلىنىپ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، «ДРама»، «Труба» سوزلىرى كوپ جايلاردا «دىرامما»، «تۇرۇببا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتىدۇ ھەمدە بىر قىسىم مەتبۇئاتلاردا① ئۇزلەشكىنى بويىچە يېزىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئىملانىڭ ئىخچام بولۇشىنى، شۇنداقلا ئەسلىدىكىسىگە يېقىنراق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، جانلىق تىلدا قوشۇلۇپ قالغان ئۈزۈك تاۋۇشنى قوشماي يازساق. مەسىلەن:

درامما (دىراما ئەمەس) Драма

تۇرۇبا (تۇرۇببا 〃 ) Труба

5. رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن بەزى سۆز ــ ئاتالغۇلارنىڭ بىرەر تاۋۇشى (سۆز ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان) ئۇيغۇر تىلىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆزلەشكەن ۋە ئۆزلەشكىنى بويىچە يېزىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق سۆزلەردىكى چۈ-

① مىللەتلەر نەشرىياتى، «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇپ قالغان تاۋۇش سوزۇق تاۋۇش بولسا چۈشۈرمەي يازساق، ئۈزۈك تاۋۇش بولسا ئۆزلەشكىنى بويىچە چۈشۈرۈپ يازساق. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئوكېيان | (ئوكيان ئەمەس) | Океан |
| كوئوپېراتىپ | (كوپىراتىپ 〃 ) | КооперативВ |
| كوئوپېراتسىيە | (كوپىراتسىيە 〃 ) | Кооперация |
| كوئوردىنات | (كوردىنات 〃 ) | Координата |
| ئاپپارات | (ئاپارات 〃 ) | Аппарат |

تىلىمىزغا رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارادىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ماسلىشىپ، يولداش ئابدىرىشىت سابىت ۋە يولداش يۇنۇس ئىلياسلارنىڭ ماقالىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنى تولۇقلاش مەقسىتىدە يېزىلغان بۇ ماقالامدا، كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، تىل - يېزىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

△ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىدىغان ئىجاتكار شەخسلەر بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

— ئېينىشتېيىن

△ بىلىم بولمىغان يەردە نادانلىق بىلىم قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ.

— تېندېر

△ ئادەمدە سەۋرچانلىق بولۇش كېرەك، بولۇپمۇ ئىشەنچ بولۇش كېرەك.

— كيورى خانىم

△ قارىچە يادلىۋالغانلىق — شۇ بىلىمنى تېخى ئىگەللىۋالغانلىققا تەڭ ئەمەس.

— مونتايگنې

△ ئالىم كېيىنكىلەرنىڭ باھاسىنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەككى، كۆز ئالدىدىكى تىل - ھاقارەت ياكى ماختاشلارنى كۆزدە تۇتىماسلىقى كېرەك.

— پاستېيور

△ بەرداشلىق - ئازاپلىنارلىق؛ ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىسى شېرىن - تاتلىق.

— رۇسسو

△ ئەسكىلىكنى كىچىك دەپ قىلىپ قويما، ياخشىلىقنى كىچىك دەپ قىلماي قويما

— ليۇبېي

بۇ ساندىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر «مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى.

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى گۈلزادە بابايېۋا

# ياشانغانلاردىكى خاتىرە ساقلاش ۋە ئۇنتۇش ھەققىدە

ھابىل مەخسۇت

ئۇنتۇش ــ ئەسكە ئېلىپ قالدۇرۇشنىڭ ئەكسى.

يېشى دەم ئېلىش مەزگىلىگە يېقىنلاشقان ياكى پېنسىيىگە چىققان خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلار ئۆزلىرىنى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چېكىنگەن دەپ قاراشتەك پىسخىك ھالەتلەرنى ھېس قىلىشىدۇ. ھەتتا بەزى ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، سەنئەتچى ۋە تېخنىك خادىملار ئىچىدىمۇ بۇنداق قاراشتىكىلەر يوق ئەمەس. روھىي جەھەتتە، ئۆزىنى بۇرۇنقىدىن تۆۋەن ھېساپلاشنىڭ كونكرېت شەكلى ۋە مەزمۇنلىرى كۆپ خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مىڭدىكى «خاتىرە» دەپ ئاتىلىدىغان پىسخىك ھادىسە ئەڭ خاراكتېرلىقتۇر. ياشانغان كىشىلەر ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا، غەمخورلۇق يۈزىسىدىن، ئاۋال سالامەتلىك، ئاندىن «خاتىرەڭ قانداق؟» دەپ ھال سورايدىغان ئادەت بار. بۇنداق چاغدا بەزىلەر: «بەك ئۇنتۇغاق بولۇپ كەتتىم. ھېلىلا ئۆتكەن ئىش يادىمدا قالمايدۇ» دېسە، بەزىلەر: «يامان ئەمەس، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسەم، خېلى بىر نىمىلەر يادىمغا كېلىدۇ، ئانچە ــ مۇنچە ئەسلىمىلەرنى يېزىۋاتىمەن» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ بىر ئىجابىي ھالەت بولۇپ، ئادەمنىڭ ياشانغاندىكى كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتىنى مەنىلىك ۋە توغرا رەتكە سېلىپ ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ياشلىق ۋە قىرانلىق دەۋرىدىكى ئوخشاش خىزمەت ۋە كەسپكە بولغان قىزىقىش، ھەۋەسلىرى يەنىلا يېنىپ تۇرغان ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرىدۇ. «خاتىرە» ياشانغان ئادەملەر ھاياتىدىكى پىسخىك گۈللىنىشنىڭ جۇشقۇنلۇق داۋامى. شۇنداقلا، ئۇ ئۆمۈربويى ھاياتلىق پائالىيىتى كۆرەش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ مىسلىسىز قىممەتلىك بايلىقى.

پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ياكى پېنسىيىگە چىققان بەزى كىشىلەر «مۇنىدىن كېيىن نىمە ئىش قىلسام بولار؟» دېگەن خىياللار ۋە ھەتتا قايغۇرۇشلاردا بولىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق كىشىلەر ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە ئوبدان كاپالەتلەندۈرۈلگەن. تەمىنات، ئولتۇراقلىق ئۆي، داۋالىنىش، پەرزەنتلىرىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشى قاتارلىق ئىشلاردا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى يوق. مانا بۇلار ياشىنىپ پېنسىيىگە چىققان كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن، خاتىرە كۈچىنىڭ سۇسلىشىپ قالماي،

جانلىقلىقنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرتلەر ھېساپلىنىدۇ. خاتىرجەم ياخشى دەم ئېلىش، تۇرمۇش ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، ساياھەت قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە،كۈچىنىڭ يېتىشىگە قاراپ، خاتىرىدە ساقلانغان بىلىم - تەجرىبە زاپاسلىرىنى قېزىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇش ئىنتايىن مەنىلىكتۇر. ئەگەر ئۆز ئىقتىدارىغا يارىشا ئىش قىلماقچى بولسا، جەمئىيەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

بىز سەزگەن ۋە ئىدراك قىلغان (تونۇغان) نەرسىلەر ئىزسىز يوقىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى مەلۇم دەرىجىدە ئەسكە ئېلىپ قېلىنىدۇ ۋە ئوڭۇشلۇق شارائىتتا ياكى كېرەك بولغاندا ئېسىمىزگە چۈشىدۇ يەنى كەچۈرۈلگەن تۇيغۇ، پىكىر ۋە قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتلىرىمىز ئەستە ساقلىنىدۇ ھەم كېيىن ئەسكە چۈشۈرۈلىدۇ.

خاتىرىنىڭ نېرۋولوگىك ئاساسىي نېرۋ مۇۋەققەت باغلىنىشلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىدىندۇر. بۇ باغلىنىشلار ئومۇمەن مۇستەھكەم خاتىرىنىڭ سەۋەپچىسىدۇر. خاتىرە ئوبرازلىق، لوگىكىلىق، ئىش - ھەركەت شەكىللىرى بىلەن مېڭىدە قالىدۇ. ئەستە قالدۇرۇش،ئەستە ساقلاش ۋە قايتا ئەسكە چۈشۈرۈش خاتىرىنىڭ ئاساسىي جەريانلىرىدۇر. كۈندىلىك تەجرىبىمىز شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەستە قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئېسىمىزگە ئوڭايلا چۈشۈۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنتۇلىدۇ. ئۇنتۇشنىڭ ئۆزى ھەم خاتىرە ساھەسىگە كىرىدۇ.

خاتىرە ئىنسان ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر خاتىرە بولمىغاندا، بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرلار، تۇيغۇلار ھاسىل قىلغان پىكىرلەر، ئىش - ھەركەتلەر، كۆنۈكمىلەر خاتىرىدىن ئىزسىز يوقىلىپ، بىلىم - تەجرىبە ھاسىل قىلىش مۇمكىن بولمىغان بولار ئىدى. ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر زاپىسى، خاتىرىسىدە مۇستەھكەم ئورنىشىپ قالغان بىلىم - تەجرىبە زاپاسلىرى قانچە كۆپ ۋە مەزمۇنلۇق بولسا،ئۇنىڭ پىكىر قىلىشى، نۇتقى، قىزىقىش - ھەۋەسلىرى ۋە ئىرادىلىكلىكى شۇنچە جانلىق ھەم سەمەرىلىك بولىدۇ.

بۇرۇن ئىدراك قىلىپ تونۇۋالغان نەرسىلەر مېڭىدە ساقلىنىپ، كېيىن مېڭە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېسىمىزگە چۈشۈشى مۇمكىن. بۇنداق بولۇش نېرۋ سېستىمىسىنىڭ پىلاستىكىلىق دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نېرۋ سېستىمىسى بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن تەسەۋۋۇرلارنى تەكرار تىكلەشكە تەييار تۇرىدۇ. ئى. پ. پاۋلوپ مۇستەھكەم قارار تاپقان يېڭى نېرۋ باغلىنىشلىرى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە قايتا - قايتا ئۇقتۇرغان ئىدى.

ياشانغان ئادەملەر خاتىرىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەستە ساقلاپ كېيىن ئېسىگە چۈشۈرۈشى ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ تۈرلۈك خىللىرى ئىچىدە، ئاساسلىقى ئىختىيارىي ئەسلەشنى كۆزدە تۇتىمىز. لېكىن ئىختىيارىي ئەسكە چۈشۈرۈش ناھايىتى زور

كۆچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كېرەك تېپىلغان نەرسىلەر ئەسكە چۈشۈرۈلۈش ۋاقتىدا دەرھال ئەسكە چۈشمەي، ماتېرىيالنىڭ بىر قىسمى ياكى ئاز بىر قىسمى ئەسكە چۈشۈپ، قالغان قىسمى تامام ئۇنتۇلغاندەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنتۇش ھادىسىسىنى ئىلگىرى ئەسكە ئالغان نەرسىلەرنىڭ ئىگىمىزدىن تامام يوقۇلۇشى، يەنى ئۇنى ئەستە تۇتۇشنىڭ قارىمۇ - قارشى جەريانى دەپ چۈشىنىلىدۇ. ئەمما بۇنداق قاراش ئانچە ئاساسلىق ئەمەس. بىز ئىلگىرى خاتىرىمىزگە ئېلىپ قالدۇرغان نەرسىلەرنىڭ، ماتېرىيالنىڭ ھەممىسى تامام، ئەينەن ئەستە ساقلىنىپ قېلىۋەرمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىم قىسىملىرى، تەرتىپلەر، مۇھىم قائىدىلەر، ئۇقۇملار ۋە قانۇنىيەتلەر خېلى ئېنىق ياكى سۇس ھالەتتە يادىمىزغا كېلىدۇ. باشقىلىرى دەرھال چۈشمەي قالىدۇ. خاتىرىدە قالغان ماتېرىيال كىشىنىڭ ئىگىدا مۇستەقىل «ئىشلىنىپ چىقىرىلغان»دىن كېيىن شەخسنىڭ ئۆز غەزىنىسى بولۇپ قالغاندا، خاتىرە قىممەتلىك سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ھال «خاتىرە»نىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولىنى كەڭ مەنىدە چۈشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھالبۇكى، خاتىرە ماتېرىيالنى مېخانىك رەۋىشتە ئەستە قالدۇرۇش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. خاتىرىدە ئەينەن ئەسكە چۈشۈرەلەيدىغانلىرىمىزدىن ۋە ئەسكە چۈشۈرۈشكە كېرەك بولغانلىرىدىن كۆرە ناھايىتى كۆپ نەرسە ساقلىنىپ تۇرىدۇ دەپ قاراشتا ھەقىقەت بار. پسىخولوگىيىدە ھەتتا شۇنداق بىر پىكىر تۇغۇلغانكى، كىشى ئىدراك قىلغان ۋە ئەسكە ئېلىپ قالغان نەرسىلەر خاتىرىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەمما كېرەك بولۇپ قالغان بىر پەيتتە، ھەممە نەرسە ئاسانلا ئەسكە چۈشۈۋەرمەي، پەقەت ئوڭۇشلۇق شارائىت مەۋجۇت بولغاندىلا، ئەسكە كېلىدۇ. بۇ ئوڭۇشلۇق شارائىت بىرمۇھىم نەرسىنىڭ ئەسكە چۈشۈرۈلۈش زۆرۈرىيىتىتۇغۇلۇشى لازىم بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئۇنداقتا، ئۇنتۇلۇشنىڭ ھەقىقى تەرىپى — زۆرۈر بولغان نەرسىنى شۇئاننىڭ ئۆزىدە ئەسكە چۈشۈرەلمەسلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنتۇلغان دەپ ئەستە ساقلىنىپ قالمىغان نەرسىنى ئەمەس، بەلكى شۇ پەيتتە ئەسكە چۈشۈرەلمىگەن، ئەسكە چۈشۈرۈشكە ئوڭۇشلۇق شارائىت بولمىغان نەرسىنى ئېيتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنتۇش ئەستە ساقلىنىشنىڭ ئەكسى بولغان جەريان ئەمەس، بەلكى ئەسكە چۈشۈرۈشنىڭ ئەكسى بولغان جەرياندۇر. ئۇنتۇشنىڭ نېرۋ فىزىولوگىيىلىك ئاساسىي مۇۋەققەت باغلىنىشلىرىنىڭ تورمۇزلىنىشىدۇر.

ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى نېمە؟ ئۇنتۇپ قېلىشقا قارشى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇنتۇش ھادىسىسى يالغۇز ياشانغان كىشىلەردىلا يۈز بېرىپ قالماستىن، بەلكى بالىلار، ياش ئۆسمۈرلەر ۋە چوڭ ياشلىق كىشىلەردىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن، ياشانغان ئادەملەردە كۆپىنچە، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ھازىرقىنى ئۇن-

تۇش، مۇھىم دەپ قارالغان نەرسىگە كۆرە ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئۇنتۇش گەۋدىلىك بولىدۇ. مۇھىم نەرسىلەرنى ئۇنتۇغاندا، ئارىدىن بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئۇنتۇشى مۇمكىن. بارا - بارا ئۇنتۇش «ياخشى» تەرىپى. چۈنكى، ئۇ كۈچلۈك خاتىرىنىڭ بەلگىسى. ئۇنتۇپ قېلىش ئومۇمەن، سەلبى ھادىسىلەردىن بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتلەردە يامان تەسىر تۇغدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنتۇش دەرىجىسىنىڭ ھەر خىل سەۋەپلىرىنى بىلىش ئۇنتۇپ قېلىشقا قارشى چارىلارنى قوللىنىش زۆرۈر.

ئۇنتۇپ قويۇشنىڭ ھەر خىل دەرىجىدە بولۇشى ئاساسەن، ماتېرىيالنى نەقەدەر مەھكەم ئەستە قالدۇرۇشقا باغلىق: خاتىرىدە مەھكەم ئەستە قالدۇرۇلغان نەرسىلەر ۋە ئەستە پۇختا ھالدا قالدۇرۇش ئۈچۈن ۋاستە بولغان شەرتلەر ئەينى ۋاقىتتا دەرھال ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەمىن قىلىدۇ. ئۇنتۇپ قويۇش دەرىجىسىنىڭ ئېغىر ياكى يېنىك بولۇشى ئۆز نۆۋىتىدە ئەستە قالدۇرۇشنىڭ پۇختا بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەت.

ئەستىن چىقىشنىڭ، يەنى ئۇنتۇلۇشنىڭ ئۆزىنى كۆپىنچە، ماتېرىيالنى ئەستە قالدۇرۇشتا، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى روشەن چۈشىنىپ ياكى چۈشەنمەي تۇرۇپ خاتىرىلەش بەلگىلەيدۇ. مەنىسىگە چۈشەنمەي، مېخانىك رەۋىشتە ئەستە قالدۇرۇشقا نىسبەتەن، مەنىسىنى ئوچۇقراق چۈشىنىپ خاتىرىگە قالدۇرۇش ئالاھىدە پۇختا خاتىرە ھېساۋىغا كىرىدۇ.

ماتېرىيالنىڭ تېز ئەستىن چىقىش - چىقماسلىقى، شۇ ماتېرىيالنىڭ ئەمەلدە تەتبىق قىلىنىش ياكى قىلىنماسلىقى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئوقۇش ئارقىلىق بىلىپ خاتىرىلەنگەن نەرسىلەر ئەمەلدە ئىشلىتىلىپ ياكى كۆپلەپ تەكرارلانسا، ئۇنداق نەرسىلەر ئاسانلىقچە ئۇنتۇلمايدۇ. ياشانغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ نۇقتا بەكمۇ خاراكتېرلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىلىم - تەجرىبە گۆھەرلىرىنى ئىشلىتىشتىن ياكى تەكرار قىلىشتىن توختىسا، ئۇنتۇشتىن ئىبارەت سەلبى ھالەت يەنىمۇ ئەدەپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

ئەستە قالغان ماتېرىيالنىڭ، ۋەقەلىكنىڭ ياكى ھادىسىلەرنىڭ تېز ئۇنتۇلۇش ياكى ئۇنتۇلماسلىقى، ئادەمنىڭ قىزىقىش - ھەۋەسلىرى بىلەنمۇ باغلىنىشلىق بولىدۇ. قىزىقىش - ھەۋەس تۇغدۇرغۇچى نەرسە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە ۋە شۇ ئۈستىدە ئەمەلىي ئىش قىلغاندا، ئادەمنىڭ دىققىتى كۈچلۈك مەركەزلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىكى ھاسىل قىلىنغان بىلىم - تەجرىبە، نەتىجە ۋە ساۋاقلار ئادەمنىڭ خاتىرىسىدە ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىدۇ ياكى ئاز ئۇنتۇلىدۇ. كېرەك بولغاندا، قايتا ئەسكە چۈشىدۇ. ئەگەر ياشانغان كىشىلەردە ئۆز كەسپىگە بولغان ھەۋەس سۇسلاشسا ياكى ئۆچكەن بولسا،

خاتىرىدىكى بايلىقلىرى ئۇنتۇلۇشقا باشقىدىن يۈز تۇتۇشى مۇمكىن. كىشى نەزىرىدە ئاكتۇئال ئەھمىيىتى ۋە ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان نەرسىلەر تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەستىن چىقىرىپ قويۇش — نېرۋ سېستىمىسىنىڭ ئەھۋالىغا، يەنى نېرۋ چارچاش ۋە نېرۋ كېسەللىكى بىلەنمۇ باغلىق بولىدۇ. بۇنداق ھاللار بىر مەزگىل دەم ئالغاندىن كېيىن ياكى نېرۋ كېسەللىكى داۋالىنىپ ياخشىلانغاندا تامام تۈزىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

ياشانغان ۋە پېنسىيىگە چىققان كىشىلەر ئەسلەش ۋە تەكرارلاش، بۇرۇنقى بىلىم — تەجرىبىلىرىنى ئەمەلدە ئىشلىتىش ۋە يېڭى بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسكە ئېلىپ قالدۇرۇش قاتارلىق خاتىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا پۈتۈنلەي ئاساسىي كەسپىگە كۆرە ئىش ئېلىپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭدا خاتىرە ئىجابىي رول كۆرسىتىپ، ئىشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە ئوڭۇشلۇق يەتكىلى، خاتىرە غەزىنىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئىمكان، شەرت تۇغۇلىدۇ. ياش چوڭايسا ئەقىل ياشنايدۇ دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى شۇنىڭدا بولسا كېرەك.

# «كوكاچ بار» دەپ قورقۇتماسلىق، بەلكى ئەقىلغا ئىلھام بېرىش لازىم

رۇسۇل ئۆمەر

بەزى ئاتا ـ ئانىلار كىچىك بالىلىرى خاپا قىلىپ قويسا، «ئەنە ئاۋۇ پاختا قۇلاقنى كۆردۈڭمۇ؟»، «ئەنە كوكاچ كېلىۋاتىدۇ» دەپ قورقىتىپ، بالىلىرىنى جىمىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ بولغاندا، قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز بولۇپ قالىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىلىم ـ پەن ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان، ھەممە ئىلىم ـ پەن چوققىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، بەزى پەن تەتقىقاتچىلىرى بىرەر ئىلمىي مۇھاكىمە ياكى بىرەر مەسىلىگە نىسبەتەن ئۆزگىچىرەك بىرەر قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ياكى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىلمىي پاكىتلار بىلەن بىرەر مەسىلىنى شەرھىلەپ چۈشەندۈرگىدەك بولسا، ئايرىم كىشىلەر ھەتتا بەزى رەھبىرىي خادىملارمۇ نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كورمەيلا، ھەتتا ئۆزى بىلمەي تۇرۇپمۇ ئوپۇل ـ توپۇل: «ئۇيېرى خاتا، بۇ يېرى خاتا، پالان بولىدۇ، پوكۇن بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. يوقىلاڭ بىر نەسىلەرنى «كوكاچ» قىلىپ كۆرسىتىپ، ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنى يۈرەك ئالدى قىلىپ قويىدۇ. مېنىڭچە، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى ئىشلارغا ئالدىراپ ـ سالدىراپ قالپاق كۆتىرىپ چىقىپ، كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋېلىشتىن؛ پالان ـ پوكۇن ... دەپ ھۆكۈم كېسىشتىن ساقلىنىش لازىم.

پەن بىرخىل ئىدېئولوگىيە بولۇپ، ئۇ مەلۇم جەمئىيەت ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى تېپىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تارىخى ـــ بىلىش ھەركىتىنىڭ تارىخى بولۇپ، ئۇزۇن بىر تارىخى جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائى ئەمەلىيەت ئىلىم ـ پەننى ئالغا سۈرگۈچى مەنبە. پەن پەقەت ئىجتىمائى ئەمەلىيەت جەريانىدا، جۇملىدىن، كۆپلىگەن ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتچىلىرى، ئىلىم ـ پەن خادىملىرى ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلىرى، نۇقتىئىنەزەرلىرى، قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ. بۇ ئىلىم ـ پەنگە يېڭىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. يەنى بىرەر تەتقىقاتچى، بىرەر يېڭى داۋلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يەنە بىرسى بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، تەتقىق قىلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ ھەر-

كەت قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىققىلى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر مېڭىنى ھەركەتلەندۈرمەي، خەق نېمە دېسە، بىزمۇ «ھە» دەپ تۇرۇۋەرسەك، ۋەتىنىمىزنى تېز سۈرئەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

ئوخشاش بولمىغان ئىلىم چۈشەنچىسىدىكى كىشىلەرنى ئەركىن پىكىر بايان قىلىش، مۇھاكىمە قىلىشقا يول قويۇش، بەس ـ مۇنازىرىنىڭ بولۇشىغا ئىمكان بېرىش، ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىن ـ بىر توغرا يولى. بەس ـ مۇنازىرە ئەركىن ۋە كەڭ قانات يايسا، تەتقىقات ئوخشىمىغان نۇقتىلار بويىچە داۋاملىق ئېلىپ بېرىلسا، ئاندىن پەندىكى مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى، پەندىكى «تىلسىمات»لارنى ئاچقىلى بولىدۇ. گەرچە، بەزى نۇقتىئىنەزەر، قاراشلار ھەقىقەتەن توغرا بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. بەلكى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاش لازىم. چۈنكى، بەزى ھادىسىلەر ھەقىقەتەن ساختا ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، كىشىلەرنى خاتا چۈشەنچە، خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ئەمەلىيەتنىڭ راۋاجى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىي خاتالىقى ياكى توغرىلىقى ئىسپاتلىنىدۇ ـ دە، ئاخىرىدا كىشىلەرنى ئەمەلىيەتتىن قايىل قىلغىلى بولىدۇ. ھەتتا بەزى خاتا دېيىلگەن نەرسىلەرمۇ كېيىن توغرا نەرسە بولۇپ ئىسپاتلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق بىر ئىلمىي چۈشەنچە، مۇھاكىمىلەر ئېتىۋارسىز قالدۇرۇلماسلىقى، شۇ جەھەتتىكى ھەقىقەتنى ئوڭۇشلۇق تېپىۋېلىش ئۈچۈن نۇقتىئىنەزەرى خاتا دېيىلگەن كىشىلەرنىڭمۇ ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىشىغا، ئۆز قارىشىنى قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشىغا، كىشىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا ھەتتا ئۆزىنى ئاقلىشىغا يول قويۇلۇشى لازىم. مىسال قىلىپ ئالساق: نورۋېگىيىلىك 22 ياشلىق ئابېل بىر ئىلمىي ماقالە يېزىش ئارقىلىق ماتېماتىكىدىكى بىرقانچە 100 يىلدىن بېرى ھەل قىلىنماي كەلگەن مەسىلىنى ھەل قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى «دۇنيا ماتېماتىكچى»گائۇس بۇ ئىلمىي ماقالىنى كورۇپ قاتتىق چۆچۈپ، «قورقۇنچلۇق....» دەپ ئەيىبلىگەن. گېرمانىيىلىك ماتېماتىكا نوپۇزلۇقى شېل ماقالىغا «قاراپمۇ قويمىدىم» دېگەن. قىسقىسى ئۇلار بۇ ماقالىنى مەنسىتمىگەن، بىراق، ئابېلنىڭ بۇ ماقالىسى ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ 12 يىلدىن كېيىن، ئېلان قىلىنغان. ئاۋستىرىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى مېندېلنىيۇ دەسلەپتە ئىرسىيەت ئايرىش قانۇنى بىلەن مۇستەقىل تەقسىمات قانۇنىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر ماقالە يېزىپ، شۋېتسارىيىلىك ئۆسۈملۈكشۇناس يېنگېرغا ئەۋەتىپ بەرگەندە، ئۇ بۇ ماقالىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن. ئارىدىن 34 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن كىشىلەر بۇ ماقالىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، شۇ ئىلمىي قاراش ئارقىلىق 1900 ـ يىلى ئاندىن يېقىنقى زامان ئىرسىيەت ئىلمىنى ياراتقان. ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى ر. ۋېرنانىڭ «شار ئۈستىدە ئۆتكەن 5 ھەپتە» دېگەن ئەسىرىنى نەشرىيات ئورۇنلىرى 15 نۆ-

ۋەت قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇ ئەسەرنى كۆيدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن مەشكە تاشلىغاندا، ئايىلى ئوتتىن ئېلىۋالغان ۋە يەنە بىر قېتىم باشقا نەشرىيات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ كۆرۈش مەسلىھەتىنى بەرگەن. 16 - قېتىم نەشرىيات ئورنىغا ئەۋەتكەندە، ئەسەر مال تونۇيدىغان بىر مەتبۇئاتچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇ كىتابنى دەرھال نەشر قىلغان. بۇ ئەسەر نەشردىن چىقىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. ھېلىقى مەتبۇئاتچى ۋېرنا بىلەن توختام تۈزۈپ، 20 يىلغىچە يازغان ئەسەرلىرىنى نەشر قىلماقچى بولغان ... تارىختا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بەزى ياخشى، يېڭى نەرسىلەر دەماللىققا خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. ھەتتا ئۇنى خاتالىق تامانىدا ئەيىبلەپ ئۇجۇقتۇرىدۇ. پەقەت مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپ، ئۇنىڭ توغرىلىقى ۋە ياخشىلىقى ئىسپاتلانغاندىلا ۋە ياكى بىرەر سەزگۈر خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە يولۇققاندىلا، ئاندىن شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، ئىلىم - پەن ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا دادىل بولۇش لازىم. قانچە دادىل بولسا، دادىل تەشەببۇس قىلىنسا، پىكىر يۈرگۈزۈش دائىرىسى شۇنچە كەڭ، نەتىجىسى شۇنچە مول بولىدۇ. پەننىڭ راۋاجلىنىش سۈرئىتى تېز بولىدۇ. ئەگەر دادىل تەشەببۇس قىلماي «ئۇياقتىن - بۇياققا ئويلىماي» سىزىق بويلاپ ئاددىلا پىكىر يۈرگۈزگەندە، پەندە يېڭىلىق ياراتقىلى، ئىلگىرىلىگىلى بولمايدۇ. بەلكى بىر چەمبەر دائىرىسىدە ئايلىنىش داۋاملىشىدۇ - دە، كونا يول، كونا ئىجات، كونا تۆھپە دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇنداقمۇ ئويلىمايدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلمايدىغان بىر ئىزدا توختاپ قالغان كىشىلەر ياكى توغرىنى خاتا، خاتانى توغرا دەپ بىر پىكىردىلا تۇرىۋالىدىغان «كاژ»لار ئاخىرقى ھېساپتا ھەقىقەتنى بىمەنىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ياكى شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن سۇبيېكتىپ تونۇش بىلەن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىر - بىرىدىن ئاجرىلىپ كېتىدۇ - دە، پەننىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

ئىلىم - پەن تەتقىقاتى مۇرەككەپ ئىجادىي ئەمگەك، پەننىڭ تەرەققىياتى يېڭىنى ئىجات قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ. ئۇ پەقەت كىشىلەر تېخى تاپمىغان ساھەلەرگە قاراپ ئىزلىنىش ئارقىلىق يېڭىنى يارىتىش بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. يېڭىلىق بولمايدىكەن، تەرەققىيات بولمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى يېڭى پىكىر، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى كەشپىياتلارنى ئىجات قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ئىقتىرالارنى ھەتتا دەۋر بۆلگۈچ ئىقتىرا - كەشپىياتلارنى قىلغان، يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىكەن، ئۇ چەزمەن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىش ۋە قايتا - قايتا ئىسپاتلىنىش ئارقىلىق

ئاندىن تەرەققىياتقا ئىگە بولالايدۇ. مۇنداق ئىجادىي ئەمگەك داۋامىدا، ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتا چۈشەنچە، خاتا تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىپ قويۇشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. يەنى بىلىشنىڭ يېتىشسىزلىگى ياكى مەلۇم ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ كاشىلىسى بىلەن مەلۇم تەرەپنى ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىۋېتىش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خاتا يەكۈنلەرنى چىقىرىپ قويۇش ئېھتىمالى مەۋجۇت. ئىلمىي تەتقىقاتتا مەغلۇپ بولۇشقا يول قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ كوكۇلسىغا ئېسىلىۋېلىپ تاپا - تەنە قىلماستىن، كالتەك تەڭلىمەستىن، بەلكى سەۋرچانلىق ۋە ئىلمىي قائىدە - داۋلىلار بىلەن ئۇنى قايىل قىلىش لازىم. بۇنداق چاغدا مەلۇم ئىلىم - پەن ئېقىمىدىكى كىشىلەر ياكى شەخسلەر ئۆزىنىڭ بىلىشى، چۈشەنچىسى، نۇقتىئىنەزىرىنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلانسىلا، ئەلۋەتتە تۈزىتىشى، تەتقىقاتنى يېڭىۋاشتىن باشلىشى لازىم. چۈنكى، كىشىلەر ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە، بەزىدە ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىشقا، بەزىدە ئىگىز چوققىلارغا يولۇقۇپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭىدىغان، ئايلاپ ئۆتىدىغان چاغلارمۇ، ھەتتا يولدىن ئېزىپ، يەنە توغرا يولنى تېپىۋالىدىغان، ئاندىن پەنىنىڭ ئىگىز چوققىلىرىغا چىقىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بىر قېتىملىق ئەجرى قىلىش بىلەنلا، ئىگىز چوققىغا، مەنزىلگە يېتىش — پەنگە، دىيالېكتىكىغا زىت. پەندە بەزى چوڭ ياكى كىچىك سەۋەنلىكلەرنى، ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ، توغرا بىلىشكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، «666» نومۇرلۇق دورىنى ئىجات قىلغۇچىلار 665 قېتىم مەغلۇپ بولۇپ تۇرۇغلۇق ۋە تەجرىبىسىنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلانغان تۇرۇغلۇق، يەنە داۋاملىق تىرىشىپ سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى 666 - قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. پەندە مۇنداق مىساللار ئاز ئەمەس. تەتقىقاتتا بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ خاتا بولۇپ چىقىشى، ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئاساسىي تەرەپ ئۇ ئەمەس. شۇڭا، ئەمەلىي مەسىلىلەردىكى ھەممە خاتالىق - سەۋەنلىكلەرنى ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن دەۋرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ كەم بولۇشى، بەزى زۆرۈرىي بىلىم - چۈشەنچىلەرنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ. پەقەت پەن خادىملىرى سەمىمىيلىك بىلەن تىرىشىپ ئىلمىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق دادىللىق بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارسىلا، ۋەتەن - خەلققە يەنىلا زور تۆھپىلەر قوشالايدۇ. شۇڭا، پەن خادىملىرى ھەقىقەتكە جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئۆز پىكىرىدىنمۇ ئاسانلىقچە ۋاز كېچىپ كەتمەي ياكى بىر قالپاق، بىرەر كالتەك بىلەنلا دوم چۈشۈپ يېتىۋالماي، ھەقىقەت يولىدا جان - پىدا قىلىشى لازىم. چۈنكى، ھەقىقەت سىناقتىن، تەنقىدتىن، تۆھمەتتىن، قالپاق، كالتەكتىن قورقمايدۇ. «كوكاچ»تىن تېخىمۇ قورقمايدۇ. ھەقىقەتەن چاقماق تېشىدەك، سۈركەلگەنسېرى نۇرلىنىدۇ. قورقۇنچاق كىشىلەر پەننى ئىگىلىيەلمەيدۇ، ھەقىقەتنى تاپالمايدۇ.

# مەھمۇت قەشقىرى مازىرى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى

ھەسەن ئابدۇرېھىم

مەھمۇت قەشقىرى مازىرى ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە ئۆزىگە خاس بىناكارچىلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق.

«مەھمۇت قەشقىرى مازىرى» قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوپال يېزىسىغا جايلاشقان. ئوپال — پامىر ئېتىكىگە جايلاشقان ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە باي مەدەنىيەت - سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە جاي بولۇپ، مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردە تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئىنسانلار ئولتۇراقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان①.

بۇ يەردە قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر بۇددا دىنى مەدەنىيىتى②، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەت راۋاج تاپقان. بولۇپمۇ، قاراخانىلار دەۋرىدە ئوپال يېزىسى خان ئۆلكىسىگە قاراشلىق ئاساسلىق يېزىلاردىن بىرى بولۇپ، قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىكى ئاتاقلىق كىشىلەر بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەتتا پادىشالارنىڭ دەم ئالىدىغان «خان بېغى» («سۇلتان باغ»)، «تەگيەگاھ»③، «خان يايلىغى»، «موغ يولى»،④ «سۇلتان قورغان»لىرى بولغان.

مەھمۇت قەشقىرى مازىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش - بىزەكلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۇيغۇر ئىسلام ئىمارىتى بولۇپ، ئۇ روزى مەركىزى، تىلاۋەتخانا،

---

① ئوپال تەۋەسىدىكى ئوپالئارىت، سۇلتانباغ، غوجىقونار، ئاق دالا قاتارلىق قەدىمقى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن باشلانغۇچ جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت تاش قوراللار تېپىلدى.

② ھەزرىتى موللام تېغى باغرىدا «توققۇزقازناق» دەپ ئاتالغان بۇددا دىنىي ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار.

③ خانلارنىڭ چەتئەل ئەلچىلىرىنى كۈتىدىغان مەخسۇس مېھمانخانىسى.

④ شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى «ئۇلۇغ كارۋان يولى»نىڭ بۇتارىخى پامىردىكى موغ قەلئەسى بىلەن ئۆتىدىغان يول.

ئىبتىكاپخانا، مەسچىت ۋە قوش مۇنارلىق دەرۋازا قاتارلىق بىر يۈرۈش تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان ئۆي ـ ئىمارەتلەردىن ئىبارەت. روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئىبتىكاپخانى ـ لار كىسەك ـ ياغاچ قۇرۇلما، ۋاساجۇپ، تۈز تورۇسلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ لىم (خا)جەگە، مارات، پەرمانلىرىغا خىلمۇ ـ خىل نەقىشلەر ئويۇلغان. روزى مەرىكىسىنىڭ ئالدى ۋە شىمالىي تەرەپتىكى تاملىرىغا پەنجىرىلىك دەرىزە قويۇلغان. ئارقىسىدىكى 5 ئېغىز كۆنەكخانىسى ۋە دەرۋازىلىرى، زالى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. پەرمانلار ـ دىكى قارا سىيا بىلەن «خەتتى پارسى»دا يېزىلغان بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ مازارنى ھىجرىيىنىڭ 1245 ـ يىلى (مىلادى 1829 ـ يىلى) ۋە 1315 ـ يىلى (مىلادى 1897 ـ يىلى) يەرلىك كىشىلەر ئىقتىسات توپلاپ، ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرغان. روزى مەرىكىسىنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئىككى پارچە پەرمانىغا رېمونت قى ـ لىنغان ۋاقتى ۋە رېمونتقا مەدەت قىلغۇچىلار نەزىم ئۇسۇلىدا خاتىرىلەنگەن.

ئوڭ تەرەپتىكى پەرمانغا:

«سالىشىرەست ھازارۇ دوسەت چىھلى پەنجەست،
بۇد تەئمىرى مازارۇ مەدىدى سىددىقەست»

تەرجىمىسى: «يولۋاس يىلى 1245 (ھىجرى)
مازارنى رېمونت قىلىشقا كۈچ چىقارغۇچى كىشى
سىددىقدۇر»

سول تەرەپتىكى پەرماننىڭ ئوڭ قويۇلغىدا

«شاھى سىددىق بەگ. ئەلىم بەگ بىر ـ بىرىگە يار بولۇپ،
قىلدى بۇزرۇكۋارى ئالىنى بىنا».

ئىبتىكاپخانىسىغا كىرىدىغان ئىشىگىنىڭ سىرتقى تەرەپ ئۈستىدىكى پەرمانىغا:

«كى بىر مىڭ ئۈچيۈز ئونبەشتە قىلدى بۇ ئىمارەتنى،
نامازۇ ـ روزە ئەيلەپ قىلسا ھەركىمكى تىلاۋەتنى»

دەپ يېزىلغان.

بىرىنچى قېتىم روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئىبتىكاپخانىسى، ئىككىنچى قېتىم پىشايۋانلىق مەسچىت قايتا رېمونت قىلىنغان. بۇ ئىككى قېتىملىق رېمونت قىلىش جەريانىدا، قەدىمدىن بار بولغان روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئىبتىكاپخانىلارنىڭ ياسىلىش شەكلى ئۆزگەرتىلمىگەن. شۇنىداقلا، ئەسلىدىن نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، هاراق، پەرمانلىرىنىڭ بۇزۇلمىغان قىسىملىرى يەڭگۈشلەنمەي، ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. ئەپسۇسكى، يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە ئاس ـ

راشىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن ئارقىسىدىكى 4 ئېغىز ھۇجرىسى، دەرۋازىلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بىر قىسىم جەگىلىرى ئېگىلىپ، ياغاچ پەنجىرىلىرى بۇزۇلغان.

مەھمۇت قەشقىرى مازىرىنىڭ دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش - بىزەكلىرى جەھەتتە ئېنىق يازما ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن مازارنىڭ ھازىرقى شەكلىدىن قاراپ، ئىمارەتچىلىك تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنى بويىچە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مازارنىڭ بۇرۇنقى شەكلى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە كېيىنكى بىر نەچچە يۈز يىل جەريانىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا نىسبەتەن توغرىراق ئىلمىي يەكۈنگە ئىگە بولالايمىز.

بۇ خىل بىناكارچىلىقنىڭ شىنجاڭ رايونىدا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا مەلۇم تارىخىي ئاساسى بولۇپ، ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىغا بىر مۇنچە ئۆزگىرىشلەر كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىي ئادەتلىرىنى سىڭدۈرۈش تەرەققىي قىلغان. قاراخانىلار دەۋرىدە ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە، مەسچىت، مەدرىسلەرگە پەشتاق، قۇببە - گۈمبەز ياساش، ئىشىك - دەرىزە، مېھراپلىرىغا ئەگمە شەكىل ئىشلىتىشتىن، ئاساسىي قۇرۇلمىسى بولغان تۈۋرۈك، لىم، جەگىلىرىگە گۈل - نەقىش چېكىش، ھۇجرا تورۇسلىرىنى ۋاسا جۈپ قىلىپ ياساش ئۇسۇللىرى ئومۇملاشقان. شۇنىڭدەك، پادىشا ئەمەلدارلار ۋە مەشھۇر زاتلارنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە، تۈۋرۈك، لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق پىشايۋانلارنى ياساپ، پەنجىرە ئورنىتىش ياكى قەۋرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا رىشاتكا قويۇش، كىسەك ياكى خىش بىلەن قەۋرە قاتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغ ياكى ئەلەم قاداش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلغان. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى جايلاردا، تۈۋرۈك - لىملارنى چېپىشتۇرۇش، كىسەك ياكى تال چىۋىقلارنى توقۇپ ئارىلىقىنى توساپ، كاكىل لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق، قوشام ئۆيلەرنى ياساش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. بۇ ئۆي - ئىمارەتلەردىكى نەقىش - بىزەكلەر ئاساسىي جەھەتتىن، ياغاچ ئويما نەقىش، گەز قاتۇرما نەقىش، تاش رەڭ سىزما نەقىش، قاش تېشى ئويما نەقىش، گۈللۈك نەقىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ ئويما نەقىش ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.

قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىناكارچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تام ئۈستىگە لىم، جەگىلەرنى بىۋاسىتە قويۇش ياكى لىم، جەگە ئىشلەتمەسىن، خىش ياكى كىسەك بىلەن ئەگمە چىقىرىپ، يېپىش ئۇسۇلى كەڭ قوللىنىشقا باشلىغان. مەھمۇت قەشقىرى مازىرىدىكى تۈز تورۇسلۇق ۋە ئەگمە گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياسالغان ئىمارەتلەر ئەمەلىيەتتە

ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئىمارەتچىلىك سەنئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مازارنىڭ نەقىش - بىزەكلىرى كۈچلۈك دەۋرى خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بىناكارچىلىقتا دەسلەپكى ئۇسۇل ياغاچ ئويما نەقىش ئىشلىتىلگەن. ياغاچ ئويما، سىزىقچە ئويما، تەكشى يۈزئويما، كۆپتۈرمە ئويما قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

مەھمۇت قەشقىرى مازىرىدىكى نەقىشلەر ئىچىدە سۈخەر، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، يازا، كۆرگۈل شەددە ۋە ھەرخىل گۈل - ئۈسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ھاسىل بولغان ئون نەچچە خىل نۇسخە بار. بۇلاركېيىنكى دەۋرلەردە ياسالغان ئىسلام ئىمارەتلىرىدە كۆپرەك قوللىنىلغان.

مەھمۇت قەشقىرى مازىرى 900 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىمارەت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققى قىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە تارىخىي مەدىنى مىراستۇر.

بۇتارىخىي يادىكارلىقنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان جايلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ جىددى كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا قايتىدىن رېمونت قىلىندى.

## ھىجرىيە ۋە مىلادى كالىندارلىرىنىڭ سىلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە يىل تەرتىۋى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 1 | | | 2 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 622 - 623 | | | 623 - 624 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادى ئاي | ھەپتە | |
| 1 | 15 | 7 | 6 | 5 | 7 | 3 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ كۈنلىرى، ھەپتىسى ئوخشاش |
| 3 | 16 | 8 | 1 | 4 | 8 | 5 | |

### ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| Əlmuharrəm | 1. ئەلمۇھەررەم |
| Suəpər | 2. سەپەر |
| Rabiul əwwəl | 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| Rabiüssani | 4. رەبىئۇسسانى |
| Jamadiyəl əwwəl | 5. جامادىيەل ئەۋۋەل |
| Jamadiyəl ahir | 6. جامادىيەل ئاخىر |
| Rəjəp | 7. رەجەپ |
| Xəban | 8. شەئبان |
| Ramazan | 9. رامازان |
| Xəwwal | 10. شەۋۋال |
| Zulkə,də | 11. زۇلقەئدە |
| Zulhijjə | 12. زۇلھىججە |

| 91 | 451<br>1059 - 1060 | 452<br>1060 | 453<br>1061 | 454<br>1062 | 455<br>1063 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 17.2.4 | 6.2.1 | 26.1.6 | 15.1.3 | 4.1.7 |
| 2 | 19.3.6 | 7.3.3 | 25.2.1 | 14.2.5 | 3.2.2 |
| 3 | 17.4.7 | 5.4.4 | 26.3.2 | 15.3.6 | 4.3.3 |
| 4 | 17.5.2 | 5.5.6 | 25.4.4 | 14.4.1 | 3.4.5 |
| 5 | 15.6.3 | 3.6.7 | 24.5.5 | 13.5.2 | 2.5.6 |
| 6 | 15.7.5 | 3.7.2 | 23.6.7 | 12.6.4 | 1.6.1 |
| 7 | 13.8.6 | 1.8.3 | 22.7.1 | 11.7.5 | 30.6.2 |
| 8 | 12.9.1 | 31.8.5 | 21.8.3 | 10.8.6 | 30.7.4 |
| 9 | 11.10.2 | 29.9.6 | 19.9.4 | 8.9.1 | 28.8.5 |
| 10 | 10.11.4 | 29.10.1 | 19.10.6 | 8.10.3 | 27.9.7 |
| 11 | 9.12.5 | 27.11.2 | 17.11.2 | 6.11.4 | 26.10.1 |
| 12 | 8.1.7 | 27.12.4 | 17.12.2 | 6.12.6 | 25.11.3 |

| 92 | 456<br>1063 - 1064 | 457<br>1064 - 1065 | 458<br>1065 - 1066 | 459<br>1066 - 1067 | 460<br>1067 - 1068 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 25.12.5 | 13.12.2 | 3.12.7 | 22.11.4 | 11.11.1 |
| 2 | 24.1.7 | 12.1.4 | 2.1.2 | 22.12.6 | 11.12.3 |
| 3 | 22.2.1 | 10.2.5 | 31.1.3 | 20.1.7 | 9.1.4 |
| 4 | 23.3.3 | 12.3.7 | 2.3.5 | 19.2.2 | 8.2.6 |
| 5 | 21.4.4 | 10.4.1 | 31.3.6 | 20.3.3 | 8.3.7 |
| 6 | 21.5.6 | 10.5.3 | 30.4.1 | 19.4.5 | 7.4.2 |
| 7 | 19.6.7 | 8.6.4 | 29.5.2 | 18.5.6 | 6.5.3 |
| 8 | 19·7·2 | 8.7.6 | 28.6.4 | 17.6.1 | 5.6.5 |
| 9 | 17.8.3 | 6.8.7 | 27.7.5 | 16.7.2 | 4.7.6 |
| 10 | 16.9.5 | 5.9.2 | 26.8.7 | 15.8.4 | 3.8.1 |
| 11 | 15.10.6 | 4.10.3 | 24.9.1 | 13.9.5 | 1.9.2 |
| 12 | 14.11.1 | 3.11.5 | 24.10.3 | 13.10.7 | 1.10.4 |

| 93 | 461<br>1068 - 1069 | 462<br>1069 - 1070 | 463<br>1070 - 1071 | 464<br>1071 - 1072 | 465<br>1072 - 1073 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 31.10.6 | 20.10.3 | 9.10.7 | 29.9.5 | 17.9.2 |
| 2 | 30.11.1 | 19.11.5 | 8.11.2 | 29.10.7 | 17.10.4 |
| 3 | 29.12.2 | 18.12.6 | 7.12.3 | 27.11.1 | 15.11.5 |
| 4 | 28.1.4 | 17.1.1 | 6.1.5 | 27.12.3 | 15.12.7 |
| 5 | 26.2.6 | 15.2.2 | 4.2.6 | 25.1.4 | 13.1.1 |
| 6 | 28.3.7 | 17.3.4 | 6.3.1 | 24.2.6 | 12.2.3 |
| 7 | 26.4.1 | 15.4.5 | 4.4.2 | 24.3.7 | 13.3.4 |
| 8 | 26.5.3 | 15.5.7 | 4.5.4 | 23.4.2 | 12.4.6 |
| 9 | 24.6.4 | 13.6.1 | 2.6.5 | 22.5.3 | 11.5.7 |
| 10 | 24.7.6 | 13.7.3 | 2.7.7 | 21.6.5 | 10.6.2 |
| 11 | 22.8.7 | 11.8.4 | 31.7.1 | 20.7.6 | 9.7.3 |
| 12 | 21.9.2 | 10.9.6 | 30.8.3 | 19.8.1 | 8.8.5 |

| 94 | 466<br>1073 - 1074 | 467<br>1074 - 1075 | 468<br>1075 - 1076 | 469<br>1076 - 1077 | 470<br>1077 - 1078 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6.9.6 | 27.8.4 | 16.8.1 | 5.8.6 | 25.7.3 |
| 2 | 6.10.1 | 26.9.6 | 15.9.3 | 4.9.1 | 24.8.5 |
| 3 | 4.11.2 | 25.10.7 | 14.10.4 | 3.10.2 | 22.9.6 |
| 4 | 4.12.4 | 24.11.2 | 13.11.6 | 2.11.4 | 22.10.1 |
| 5 | 2.1.5 | 23.12.3 | 12.12.7 | 1.12.5 | 20.11.2 |
| 6 | 1.2.7 | 22.1.5 | 11.1.2 | 31.12.7 | 20.12.4 |
| 7 | 2.3.1 | 20.2.6 | 9.2.3 | 29.1.1 | 18.1.5 |
| 8 | 1.4.3 | 22.3.1 | 10.3.5 | 28.2.3 | 17.2.7 |
| 9 | 30.4.4 | 20.4.2 | 8.4.6 | 29.3.4 | 18.3.1 |
| 10 | 30.5.6 | 20.5.4 | 8.5.1 | 28.4.6 | 17.4.3 |
| 11 | 28.6.7 | 18.6.5 | 6.6.2 | 27.5.7 | 16.5.4 |
| 12 | 28.7.2 | 18.7.7 | 6.7.4 | 26.6.2 | 15.6.6 |

## 1 ـ سانغا تۈزىتىش

| بەت | قۇر: يۇقۇرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 17 | 10 | | ئىپپىك | ئىپىك |
| 24 | 3 | | سانلار | سانلا |
| 25 | | 6 | (4) | ④ |
| 32 | 10 | | مەدىنىيەن | مەدىنىيەت |
| 52 | | 3 | ھېلاك | ھالاك |
| 53 | 10 | | زاى | زادى |
| 54 | 4 | | مودېرنىزىمچىلارنى | مودېرنىزىمچىلار |
| 55 | 4 | | چوچەكلىگىنى | پۇچەكلىگىنى |
| 58 | | 8،12،14 | پائۇل، سارت | پائۇل. سارت |
| 59 | 5 | | ئانتون، لوگىندىن | ئانتون. لوگىندىن |
| 80 | 17 | | يىلدىن بۇيانقى | 30 يىلدىن بۇيانقى |
| 90 | | 7 | مىللىگىگە | مىللىلىگىگە |
| 94 | | 13 | كۆزىتىدىتان | كۆزىتىدىغان |
| 102 | | 12 | كەتكەنلىگىنى | كەلگەنلىگىنى |
| 108 | 8 | | ئىدۇق | ئىدى |
| 116 | 12 | | 400 | 4000 |
| 117 | | 12 | قارىخى | تارىخى |
| 118 | | 12 | ئەل | غەربىي ئەل |
| 119 | 16 | | يېڭى | يىلى |
| 124 | 12 | | قولىى | قولىنى |
| 126 | | 7 | بىر ـ بىر | سىز بىر |
| 126 | | 7 | كىشلەر | كىشلەرگە |
| مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتى | 4 | | 4 ـ سان | 1 ـ سان |

新疆大学学报
（哲学社会科学版）
1984年第2期

季　刊

新疆大学学报
编辑委员会
总第18期

# 目　录

《医学大全》及其中的自然哲学问题……………………………阿不都许库尔·买买提依明
人脑对人脑的探索……………………………………………………………周义澄文　库力亚译
谈《福乐智慧》中的伦理道德观………………………………………………依米提·买合苏提
关于《福乐智慧》中的风俗习惯………………………………………阿不都克里木·热合曼
诗学……………………………………………………………………法拉比著　阿·伊力索夫
积极开展中亚学研究的重要意义……………………………………马雍文　扎·沙的克译
大谷探险队与吐鲁番、敦煌文化…………………………马曼丽文　哈斯木·阿尔西译
论维吾尔语名词的格的形式……………………………………………阿合买提江·艾斯哈尔
关于维吾尔语中的俄语借词、通过俄语借入的
　　国际通用词及其正字法………………………………………………………居马·阿不都拉
讲科学，不以鬼怪吓唬儿童……………………………………………………肉苏里·吾买尔
谈谈老年人的记忆和遗忘功能………………………………………………阿比勒·买合苏提
新疆古今　穆罕默德·喀什噶里之墓的建筑技术
　　…………………………………………………………………艾山·阿不都热衣木
回历与公历对照表……………………………………………………………………

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژورنال)

1984 - يىل 2 - سان

( ئومۇمى سان 18 )




مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنىڭ قەدىمقى كورۈنۈشى


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بولۇمى
باسقۇچى: شىنجاڭ 7220 - زاۋۇدى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ژورناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكا نومۇرى: 0·46

ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58

باھاسى: 0·40 يۈەن